# كۆز ياشقا چىلانغان تەقدىر

(پوۋېست)

ئاشكار بىلەن نىگار بىرلىشىپ يازغان

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

# كۆز ياشقا چىلانغان تەقدىر

نىگار :

سائەتنىڭ چىك ـ چىك قىلغان ئاۋازى ماڭا ۋاقىتنىڭ بىر ئىزىدا توختاپ قالماي مېڭىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. مەن تەڭشەپ قويۇلغان ۋاقىتى توشۇپ ئاللىبۇرۇن ئۆچۈپ قالغان تېلېۋىزورغا تىكىلگىنىمچە ياسىداق مېھمانخانا ئۆيۈمدە قىرما نەقىشلىق سافاغا يۆلەنگىنىمچە ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇۋاتاتتىم. مەن ئۈچۈن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىتنىڭ، ئەتىگەندىن بېرى ھېچنىمە يېمەي كولدۇرلاپ كەتكەن قورساقنىڭ كۇركىراشلىرىنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوق ئىدى. شۇ تاپتا نىمىنى خىيال قىلدىڭ دەپ سورىسا ئېھتىمال كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ «تەقدىر ئاجايىپ ھە؟»دەپ چۈشىنىكسىز جاۋاپ بېرىشىم تۇرغانلا گەپ .

«داڭ، داڭ، داڭ»

سائەتنىڭ يېقىمسىز چىكىلداشلىرىنىڭ تاقىتى توشقاندەك سائەت 12 گە داڭ ئۇردى. مەن كۈندىلىك بىر رېتىمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقان مۇشۇ ئاۋازدىن كېيىنكى پەلەمپەيلەردىن ئۆرلەپ چىقىپ ئاچقۇچ سېلىپ شەپىسىز كىرىپ كېلىشكە ئادەتلەنگەن ئۇنىڭغا ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ تۇردۇم. ئۇ ئايىغىنى ئالماشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ياتاق ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ماڭدىيۇ، چىراق يېقىقسىز مېھمانخانا ئۆيدە ئەرۋاھتەك تۇرغان مېنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى :

_سىز، سىز بۇ يەردە نىمە قىلىسىز؟..ھە ياق، تېخى ئۇخلىمىدىڭىزما؟

_سىز بىلەن پاراڭلىشاي دەپ ساقلاپ تۇرغان .

_مەن بىلەن؟ھازىرما؟..بەك كەچ بولۇپ كەتتى ئەتە بولسۇن، قانداق؟_ئۇ چۈشىنىكسىز بىر ئوڭايسىزلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يېنىمدىن ئۆتتۈۋاتقان شۇ پەيتتە ئۇنىڭدىن گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرۇۋاتقان ئەتىرنىڭ پۇرىقى مېنى سەسكەندۈرۈۋەتتى .

_ياق مەن ھازىر پاراڭلىشىمەن .

_ئۇخلايلى، ئەتە بولسۇن !

ـ ياق!_شــــۇ قەدەر ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدىمكىن ئۇ ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان بۇنداق قاتتىق ئاۋازىمدىن چۆچۈپ تۇرۇپ قالدى.ئاندىن ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ماڭا تىكىلدى،دەرىزىدىن چۈشـــۈپ تۇرغان ئاي نۇرىدا ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىدىن ئەجەپلىنىش،ئوڭايســـىزلىنىش،ھەيرانلىقتا ئوخشـــايدىغان يېقىمســـىز بىر نۇر چاقناپ تۇراتتى .

_نىمە دىمەكچىسىز؟

_بىرلا ئېغىز گەپ،ئاجرىشىپ كېتەيلى !!

_نىمە؟

ئۇ گويا بۇ گەپنىڭ مېنىڭ ئېغىزىمدىن چىقىشى تامامەن مۇمكىن بولمايدىغاندەك كۆزلىرى يوغىناپ كەتتى .

_ئاجرىشـــىپ كېتەيلى،ئەتە،ئەتىلا ئاجرىشـــىپ كېتەيلى!!ســـىزمۇ ئۆزىڭىزنى مۇنداق قىينىماڭ،مېنىمۇ قىينىماڭ بولامدۇ؟؟ئۆتۈنۈپ قالاي !!

ھەش ـ پەش دىگۈچە ئارىدىن 6 ئاي ئۆتۈپ كەتتى.مېنىڭ قەتئىي تۇرۇۋشـــۇم بىلەن ئارىمىزدا ئەر ـ ئاياللىقتا خاس بولغان يېقىنچىلىقتىن ســـۆز ئاچقىلى بولمايدىغان،توختام ســـۇدەك بۇ تۇرمۇشـــۇمغا خاتىمە بېرىلىپ ئىدارىمىزغا يېقىن يەردىن ئىككى ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ كۆچۈپ كېلىۋالغىنىمغىمۇ بىر ئايدىن ئېشـــىپ قالدى. ئەسلىدىنلا مۇھەببەتسىز كۆڭۈلدىن باغلاپ قويغاندەك ئۆتىۋاتقان ھەشەمەتلىك ئۆيۈمدىن ئۆزۈمگە تەۋە بولغان ئاددى جابدۇقلىرىمنى كېرەكلىك نەرسىلىرىمنى ئېلىپلا يېنىپ چىقتىم.ئۇستۇمدە بېسىپ تۇرۇۋاتقان ئېغىر بىر يۈك ئېلىنىپ كەتكەندەك بولۇپ شـــۇنداق ئازادە راھەتلىنىپ قالدىم.ئەمدى مانا ئىدارىدا باش چۆكۈرۈپ ئىشـــلەيمەن.ئىدارىدىن قايتىپ ئۆيۈمگە كېلىپ تامىقىمنى يەپ بولغاندىن كېيىن راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ كىتاپ كۆرۈمەن،خاتىرە يازىمەن،يەنە تېخى شـــۇنداق تاتلىق خىياللارنى ســـۈرۈمەن.نىمىشـــقىكىن تويۇم بولغان كۈنى «ئەندى ئىككىنجى ئۇنى ئويلىمايمەن،يولدىشـــىمغا ســـادىق بولۇپ ئۆتۈمەن»دىگەن ۋەدەمگە ئاســـاسەن چۈشـلىرىمدىن قوغلىيالمىســـامىمۇ خىيالىمدىن قوغلاپ ئۆزۈمنى مەجبۇرى قاچۇرۇپ يۈرگەن «ئۇ»شـــۇنداق ئىللىق كۈلكىلىرى بىلەن كۆز ئالدىمدا پەيدا بولۇپ تۇرۇۋالىدىغان بولدى،ئۇنى ئەندى ھەر قانچە قىلىپمۇ خىيالىمدىن قوغلىيالمىدىم،مەن قانچە قاچقانســـىرى ئۇ ئۆيۈمنىڭ ھەممىلا يېرىدە خۇددى مېنىڭ تەنھا قالغىنىمنى بىلىپ قالغاندەك بار ئىدى.ئۇخلىغىنىمدا چۈ شلىرىمدە،كۆزۈمنى ئاچ سالالا باش تەرىپىمدە،تاماق يە سەم جوزىنىڭ ئۇ بېشـــىدا كۈلۈمسـىرەپ قاراپ تۇراتتى.ئاھ،ئۇنىڭ كۈلكىســـى شـــۇنچىلىك يېقىملىق ئىكەنكى گوياكى ياشـلىق چاغلىرىمغا،5 يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىمغا قايتىپ ئۇنىڭ بىلەن قولتۇقلىشـــىپ بىللە يۈرگەندەك،ئۇنىڭغا ئەركىلەپ ھىجىكمىگە قىلىپ باقمىغان شـــوخلۇقنى قىلىۋاتقاندەك،ئۇنىڭ بىلەن پىنھان دەرەخ ئاســـتىدا ئاينىڭ تەڭگە ـ تەڭگە نۇرلىرىدىن ھوزۇرلىنىۋاتقاندەك ھىس قىلىپ يۈرەكلىرىم تىپچەكلەپ كېتەتتى،يۇ دەررۇ ئەســـلى ھالىمغا قايتىپ بۇ ئەھۋالىمدىن يا يىغلىشىمنى يا كۈلۈشۈمنى بىلەلمەيلا قالاتتىم.ئۇ گويا «ئەمدى سەن ئەركىن ئادەم،ئەمدى مېنى قوغلىمىغىن» دەۋاتقاندەك كۈنلەر ئۆتكەنســـىرى تېخىمۇ تۇرمۇشـــۇمنىڭ ئايرىلماس تەركىبى

بولۇپ خىيالىمدا ،ئېڭىمدا ماڭا مەھكەم چاپلاشىماقتا ئىدى ،مەن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپمۇ قاچۇرۇپ بولالماي ئاخىرى كۆنۈپمۇ قالدىم .راســــت ،ھازىر مەن ئۇنى ئىزدەپ بىرىپ پاراكەندە قىلمىغاندىكىن نىمە بوپتۇ ئۇ پەقەت ماڭا خىيالىمدىلا ھەمراغۇ شۇ خىياللار بىلەن كۆڭلۈمنى تەسكىن تاپقۇزدۇم ـ دە ،ئۇنىڭ سىماسىنى ئۆزۈمنىڭ ئايرىلماس ھەمراھى قىلىۋالدىم ،دەرۋەقە ئۇ گەرچە خىيالىي ھەمرا بولسىمۇ رىئاللىقتىكى ھەمراھلاردىن يەنى ئاۋۇ ئاتالمىش ئېرىمدىن يۈز ھە سسە مۇھەببەت بىلەن كۆڭلۈمنى پۈتۈن قىلىشقا باشلىدى .مەن خىزمەتكە تېخىمۇ با شچىلاپ كىرىپ كەتتىم .شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىدارە رەھبەرلىگى تۈيۈقسىز يېڭى بىر تۈر بويىچە ئېچىش ،پىلانلاش يىغىنى ئېچىلىدىغانلىقنى ئۇنىڭغا قاتنىشىشقا بېرىلگەن  سانىنى ماڭا بەرگەنلىگىنى ئىككى كۈن تەييارلىق قىلىپ مېڭىشىم كېرەكلىگىنى ئۇقتۇردى .

ئابتۇبۇس ئۇرنىدىن قوزغىلىشــــى بىلەن . . . . .ئانام ئاق ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزلىرىنى ســــۈرتۇپ ماڭا «خوش» دەپ قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى .مانا بۇ بۇنىڭدىن توپ توغرا10 يىل ئاۋالقى كۆرۈنۈش ،ئابتۇبۇســــنىڭ ئۇرنىدىن قوزغىلىشــى بىلەن ئانامنىڭ مېنى ئۇقۇشقا ئۇزاتقان چاغدىكى ســىماســى كۆرۈنۈپ مېنى ئاچچىق بىر يىغا تۇتتى . . .

ئابتۇبۇس كېتىپ بارماقتا ،كىشــىلەرنىڭ بەزىلىرى يانفون مۇزىكىلىرىنى قويۇۋېتىپ مۇزىكا تىڭشىــسا بەزىلىرى ئۇيقۇغا تەككەن ئىدى .مەن دەرىزىدىن ســىرتقا قاراپ ئولتۇرۇپ تەگســىز خىياللارغا چۆمگەن ئىدىم ،ھېلىلا كۆز ئالدىمدا زاھىر بولغان ئانامنىڭ سىما سى مېنى  سىھرىلىك پەپىلە شلىرى بىلەن ئۆتمۈش يەنى باللىق دەۋرىم ۋە ئوقۇش ھاياتىمغا ئېلىپ كەتكەن ئىدى . . . .

مەن ئېسىمنى بىلسەم ئائىلىمىزدە دادام ،ئاپام ئۈچىمىزلا بار ئىكەنمىز ،ئاپامنىڭ دىيىشىچە مەندىن چوڭ 2 ئوغۇل بىر قىز ئاكا ھەدىلىرىم تۇغۇلىشــى بىلەنلا ئارقا ـ ئارقىدىن كېتىپ قالغان ئىكەن .شــۇندىن كېيىن دادام ،ئاپاملار خېلى يىللارغىچە باللىق بولالماي بالىدىن ئۈمۈدىنى ئۈزۈپ تۇرغىنىدا مەن بويىدا قېلىپ تۇغۇلۇپتىكەنمەن .دادام بۇ مەنە سىز ھاياتىمنى خۇ شپۈراققا تولدۇرغان دەپ بەكمۇ خوش بولۇپ كېتىپ ماڭا«ئىپار»دەپ ئە سىم قويغان ئىكەن ،ئۇ يىللىرى دادامنىڭ ئىش ـ ئۇقتىمۇ ياخشــــى ھال كۈنىمىز ناھىيە بازىرى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇدىغان ئائىلە ئىكەنمىز .ئېسىمنى بىلسەم دادام مېنى بەكمۇ ياخ شى كۆرەتتى ،با شقىلارنىڭ «قىزىڭ بويىغا يەتكىچە كۆتۈرۈپ يۈرەمسەن ؟»دىيىشلىرىگە پەرۋا قىلماستىن بويىنىغا مىندۇرۇپ ئەركىلىتىپ يۈرەتتى .ئالتە ياشقا كىرىپ مەكتەپكە بارغان ۋاقتىمدا دادام ماڭا نەسىھەت قىلىپ :

ـ قىزىم سىز مېنىڭ بىردىنبىر ئۈمۈت يۇلتۇزۇم ،ياخشى ئوقۇڭ ،جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن سىزنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇمەن_دىگەن ئىدى .ئەپسۇس مەن 3 ـ يىللىقتا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا بىر قاتناش ۋەقەســدە دادام قازا قىلىپ كەتتى .دادامنىڭ ئاخىرقى تىنىقىدا ئاپامغا دىگەن  سۆزلىرى يەنىلا مېنىڭ ئوقۇ شۇم توغرىلىق بوپتىكەن ،كېيىنكى يىللاردا قانچىلىك جاپا تارتمايلى ئاپام چىشــــلەپ مېنى ئوقۇتقان ئىدى .مەنمۇ دادامنىڭ ئۈمۈدىنى يەردە قويماي تىرىشــــپ ئوقۇپ ناھىيەمىز بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتتۇم .شــــۇ كۈنى

ئاپام«دادىسى،سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى خۇشپۇراقتا تولدۇرغان قىزىڭىز ئىپار ئۇمۇدىڭىزنى ئاقلىدى»دەپ ئۇن سېلىپ ھازا ئېچىپ يىغلاپ كەتكەن ئىدى . . .

مەن ئاپام بىلەن خوشلىشىپ ئالىي مەكتەپكە كەلدىم،ناتونۇش شەھەر،ناتونۇش مۇھىت. . .ھەممىلا نەرسە ماڭا يات كۆرۈنۈپ تېخىمۇ كەمسۆزلىشىپ كەتتىم،بىراق قەلبىمدە بىر بۈيۈك ئارمان،ئوت يېلىنجايتتى شۇ ئوت مەندە بىر خىل جا سارەت پەيدا قىلغان ئىدى،دەرس با شلىغان تۇنجى كۈنى مەن بىزدىن بۇرۇن كەلگەن بىر يۇرتدىشىم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ سەل كېچىكىپ سىنىپقا كىرىپ قالدىم.ھودۇقۇش تەمترەش بىلەن ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ قالدىم 40 نەچچە جۈپ كۆز تېنەپ ـ تەمترەپ تۇرۇپ قالغان مېنىڭ ئاددىغىنە ئۇستى بېشىمغا تىكىلگەن ئىدى .

_دەرىزە تەرەپتىكى 3 ـ پارتىغا بېرىپ ئولتۇرۇڭ !

مۇئەللىمنىڭ ئولتۇرۇش ئىجازىتىدىن كېيىنلا قىزارغان يۈزلىرىم،تەمترىگەن قەدەملىرىم بىلەن مۇئەللىم كۆرسەتكەن ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇھ دىدىم.سىنىپ تەربىيىچىمىز تۇرسۇن مۇئەللىممۇ ياشلا يىگىت ئىكەن،ئۇ يۇمۇرلۇق گەپلەر بىلەن سىنىپىمىزنى ۋە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ بىر ـ بىرلەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.دەل شۇ پەيتتە ئىشىك ئېچىلىپ ئېگىز بوي ئاقپىشماق كەلگەن بىر يىگىت كىرىپ كەلدى .

ـ سالام مۇئەللىم،ئىسمىم ئارمان.00 شەھىرىدىن دادامنى ئۇزۇتۇپ قويۇپ ماشىنا توسۇلۇپ قېلىش سەۋەبى بىلەن تۇنجى سائەتلىك دەرسكە كېچىكىپ قالدىم. ئۇنىڭ قىلچىمۇ تارتىنىش يوق دانىمۇ ـ دانە سۆزلىرى ئىختىيارسىز مۇئەللىمنىڭمۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتىۋەتتى .

_ئىجازەت،بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلغىن،ئاۋۇ دەرىزە تەرەپتىكى 3 ـ پارتىدا ئولتۇرغىن !!

ئۇ بالا يەنە شۇنداق تېتىك قەدەملىرى بىلەن مېڭىپ پارتامنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى.مەن بايا بۇ يىگىتنىڭ تەمتىرىمەي دانىمۇ ـ دانە قىلغان سۆزلىرىدىن ھاڭۋىقىپ مۇئەللىمنىڭ ئۇنى مەن بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرىشىغا رۇخسەت قىلغانلىقىغا زەڭ قويمىغان ئىكەنمەن .

_ماڭا ئورۇن بېرەمسىز ياكى ئۆرە تۇرۇۋېرەيمۇ؟

_ھە،مەن،ياق. .مانا_مەن گېپىمنى تېپىپ ئورۇن بوشاتقۇچە ئالدى كەينىدىكى باللار پاراققىدە كۈلۈپ مېنى تېخىمۇ تەمترىتىۋەتتى،مەن كەينىگە قاراپ شېتىللىك بىلەن كۈلۈۋاتقان بىر نەچچىسىگە قاراپ ھومىيىپ قويۇپ ئورۇن بوشاتتىم .

مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئارمان ساۋاقداشىم، پارتىداشىم بولۇپ قالدى. مەن ئە سىلدە كىچىك ۋاقتىمدا ئىنتايىن بېسىقماي سۆزلەيدىغان شوخ، سۆزمەن بىر قىز ئىدىم، ئۇ چاغلاردا ھېچنىمىدىن غېمىم يوق ئىدى، تاغدەك يۆلەنچۈك دادام بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق كۈلۈپ شادىمان ياشاپتىكەنمەن. دادام تۆگەپ كېتىپ «يېتىپ يىسە تاغمۇ تۈگەپ كېتىدۇ» دېگەندەك ئاپام ئىككىمىزنىڭ قولى قىسقىراپ تۇرمۇش بىسىمىمىز ئېغىرلاشقانسېرى بارا - بارا كەم سۆز خىيالچان بولۇپ كەتتىم. ئاپامنىڭ قىينىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەم ئوقۇماي بىرەر ھۈنەر ئۆگىنىپ ئاپامنى بۇ قىينىچىلىقتىن قۇتقازغۇم كېلەتتى. بىراق دادامنىڭ كۆز يۇمۇش ئالدىدىكى مېنىڭ ئوقۇشۇم توغرىسىدىكى ئۆتۈنۈشلىرى ئانامنىڭلا ئەمەس مېنىڭمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ دەرھال بۇ خىياللاردىن ياناتتىم، كۆڭلەر ئۆتكەنسېرى ئۆگىنىشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان كەم سۆز خىيالچان بىر قىزغا ئايلاندىم. مۇشۇنداق بىر قىزنىڭ قېشىدا ئارماندەك ئىنتايىن ئەمەس ئېقىۋاتقان تومۇرلىرىدىكى قانلىرىغىمۇ سۆزمەنلىك خۇشچاقچاقلىق سىڭىپ كەتكەن مۇشۇنداق بىر يىگىت ئولتۇرۇپ تامامەن ئىككى دۇنيا ھاسىل قىلغان ئىدى. تۇنجى ئۇچرىشىشتىلا ئۇ شېتىلىلىك قىلىپ مېنى خىجالەتكە قويغان بولسىمۇ مەن ئۇنى يامان كۆرۈپ قالمىدىم، بىراق يەنىلا باشقا قىزلاردەك ئۇنىڭغا ئۇچۇق - يورۇق پاراڭ قىلالمايتتىم، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ئۇ مېنىڭ نىملەرنىدۇ جىجىلاپ جىممىدە ئولتۇرۇشۇمدىن جىلى بولسا كېرەك ئالدى ئارقا رەتتىكى ئۆزىگە ئامراق قىزلارنىڭ قېشىغا كېتەتتى شوخلۇق قىلاتتى، سىنىپىمىزدا ھەممىلا قىزلار ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. مەن گەرچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ باقمىغان بولساممۇ ئۇنىڭ ناھايىتى كېلىشكەن يىگىت ئىكەنلىكىنى ئۇمۇ تۇنجى سائەتتە كىچىككىنە ئىشىك قېشىدا تۇرغان ۋاقىتتىلا ھېس قىلغان ئىدىم، ئۇ بويلىرى ئېگىز، ئاقپىشماق، قارا قاشلىرى ئاستىدىكى دۈگىلەك كۆزلىرى گويا كۈلۈشكىلا يارالغاندەك، سەل قېلىن كەلگەن لەۋلىرى گويا سۆزلەشكىلا يارالغاندەك كۆزلىرى توختىماي كۈلەتتى، ئېغىزى تىنماي سۆزلەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يۇمۇرلۇق سۆزلىرىگە، بوم ئاۋازدا ئېيتقان ناخشىسىغا سىنىپىمىزنىڭلا ئەمەس خوشنا سىنىپتىكى قىزلارمۇ ئامراق ئىدى. ياتاقتىمۇ شۇ گەپ گويا قىزلار ئوقۇشقا ئەمەس ئارماننى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەندەك، ئارماننىڭ گېپىنى قىلىش ئۈچۈنلا كەلگەندەك . . .

_ئىپار، ئورنۇڭنى مەن بىلەن ئالماشتۇرۇپ بەرگىنە! _دېگەن ئىدى قايسى كۈنىلا بىر ياتاقتا ياتىدىغان زۆمرەت .

ئۆلار ئارمان بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇۋدىغان ماڭا غايىۋانە تارلىق قىلىشاتتى، ھەسەت قىلىشاتتى، بىراق مېنىڭ پەرۋايىم پەلەك، يەنىلا باش چۆكۈرۈپ ئۆگىنىش قىلىش بىلەن بولاتتىم ماڭا ئارماننىڭ بىر يېرى ياقاتتى ئۇ بولسىمۇ ئۇ شۇنچە شوخ بولسىمۇ بىراق ئۆگىنىشتە ياخشى ئىدى. بىز باشقىلارغا قارىغاندا ئاز پاراڭلىشاتتۇق، قىسقا پاراڭلىرىمىزمۇ دەرس توغرىلىقلا بولاتتى. ئۇ باشقىلارغا شېتىلىلىك قىلغاندەك ماڭا ئۇنداق قىلمايتتى. ماڭا بىر خىل ياسىما ئېغىرلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. مەن سىنىپقا كىچىككىنە كىرىپ قالغان بولسام پارتىغا كېلىشىم بىلەن ئۇ قانچىكى شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ گەپ قىلىۋاتقان بولسىمۇ پەسكويىغا چۈشۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا ياكى ئارقىغا كېتەتتى، ياكى كىتاپ كۆرۈپ ئولتۇرۇۋالاتتى، بەزىدە بۇ ئەھۋال مېنى تېرىكتۇرۇپمۇ قوياتتى، ياتاقداشلىرىمنىڭ دىيىشىچە مەندە بىر خىل جەلىپ قىلىش كۈچى بارمىش، چىرايىممۇ چىرايلىق ئىمىش، ئارمانمۇ ماڭ ئەيمىنىپ مۇئامىلە قىلارمىش . . .

شۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان تۇنجى كۈنۈم ئەينەكنى ئېلىپ ئۆز-ئۆزۈمگە سەپ سېلىپ قاراپ باقتىم.تېرەم ئاق ھەم سۈزۈك،بەكمۇ قارا بولمىسىمۇ سىزىپ قويغاندەك ئىنچىكە قا شلىرىم ئا ستىدىكى دۈپ-دۈگىلەك كۆزلىرىم دادام كىچىك ۋاقتىمدا «سېرىق قوزام»دەپ ئەركىلىتىدىغان تەبىئى دولقۇن چاچلىرىم بىلەن مەنمۇ سەت ئەمەس،خېلىلا چىرايلىق ئىدىم،ھەي،مەن نىملەرنى ئويلاپ كەتتىم دەرسىمنى ئوقۇ ماي،مەن ئا پامنىڭ ،دادامنىڭ ئۈمۈدىنى ئاقلىمىسام بولمايدۇ،مېنىڭ ۋەزىپەم ئەينەككە قاراپ قاش-كۆزۈمنى تۈزەپ ياسىنىش ئەمەس پۈتۈن زېھنىم بىلەن تىرىشىپ ياخشى ئوقۇش .....

شۇ تاپتا بۇنى بەلكىم ئارمانمۇ ئوقۇغان بولۇشى،ئاشۇ چاغلاردىكى ئوقۇش ھاياتىدىن ئۈنگىمۇ قانداق خىياللارنى قىلغانلىقىنى بىلدۈرگۈسى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەيمەن،قېنى ئەمسە مەنمۇ بارلىق تورداشلار بىلەن بىللە ئارماننىڭ يازمىسىنى كۆرۈپ باقاي .

ئاشكار :

- ھەي ، دادىسى ، يولدا بالىغا ياخشى قاراڭ جۇمۇ ، جېنىم بالام كىلە بىرنى سۆيۈپ قوياي ، ياخشى ئوقىغىن .

ئاپامنىڭ مىنى دادامغا تاپىلا شلىرى ، ماڭا بەخت تىلە شلىرى ،ھەم قيىالماي ئاققۇزغان كۆز يا شلىرى ئار سىدا دادام بىلەن ئۇزۇن يوللۇق ئاپتۇبۇسقا ئولتۇرۇپ مەن تەشنا بولغان چوڭ شەھەرگە ، مەن تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتكەن ئالىي مەكتەپكە يول ئالدۇق. ھىلىمۇ ئېسىمدا ، مەھەللىدە ھەممە كىشى مىنى مۇنداق ئەركىلىتەتتى،

- بۇ ئابلىكىمنىڭ ئوغلى كيىن ھىسام چاقچاقىنىڭ ئورنىغا دەسسەيدۇ جۇمۇ ، قارا كىچىككىنە تۇرۇپ ھازىر جاۋابلىقىنى،

- ئوغۇل بالا دىگەن مۇشۇ ئارماندەك بولسا ، چوڭ بولغاندا قانچىلىغان قىزلارنى ئوتتۇغدا كۆيدۈرەرسەن ،

- مىنىڭ كۈيئوغلۇم ھە سەن ، باشقا قىزلارنى تېپىۋالما چوڭ بولوپ ،

مانا قوشنىلارنىڭ ماڭا شۇنداق يېقىن كۆرۈپ قىلغان چاقچاقلىرى ، مەسىلگى كىلىپ ئەركىلىتىشلىرى بىلەن سالام-سائەتىم جايىدا ، ئەدەب-ئەخلاقلىق بولۇپ يىتىلدىم ، بارغانسىرى بوي تارتىپ دادام بىلەن تەڭلا بولۇپ قالدىم . مىنىڭ بارغانسىرى چوڭ بولۇشۇم بىلەن تەڭ دادام ۋە ئاپامنىڭ چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىدى ، ھەر نۆۋەت مىنى بىقىپ قاتارغا قېتىۋاتقان بۇ قەدىردانلارغا قارىساملا ئۆز-ئۆزۈمگە:« مۇشۇ جاپ پەرىشتىلەر ئۈچۈن بولسىمۇ ياخشى ئوقۇيمەن» دەپ تۇراتتىم . ئۇلۇغ ئاللاھ نىيەتلىرىمنى توغرا كۆرگەچ بۇ تىلەكلىرىمگە يەتكۈزدى ، مانا ئاشۇ بىلىم ماكانىغا ئاپامنى يۇرتتا قويۇپ دادامنىڭ ھەمرالىقى بىلەن كىتىپ بارىمەن ،،

خەيرى ـ خوش ئەزىز ماكان ، خەيرى ـ خوش چوڭ ـ كىچىكلەر ، خەيرى ـ خوش مېھرىبان ئاپا ،، ماشىنا سۈرئىتىنىڭ تېزلىشى بىلەن يۇرت كۆزۈمدىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلاشتى . . .

بۇ ئاپتوبۇس ئىچىدە ئاساسەن بىزنىڭ يۇرتتىن ئوقۇشقا بارىدىغان باللار ھەم ئۇلارغا ھەمرا بولۇپ ماڭغان ئاتا ـ ئانىسى بار ئىدى ، يول بويى ،

ـ بالىڭىز قايسى مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ،

ـ ئاپىسى ئاپارماي ، ئۆزىڭىز ئىلىپ مېڭىپسىزدە ،

ـ مىنىڭ بالامۇ شۇ مەكتەپكە ، بۇ ياخشى بولۇپتۇ ،ھەمرا بولىدۇ ، شۇنداقمۇ ،

مانا مۇشۇنداق پاراڭلار بىلەن بۇ ئۇزۇن سەپەرمۇ ئانچى قىين تۇيۇلمىدى ، مەنمۇ ئانچە ـ مۇنچە قىززىق گەپ ، ھەم شىتىل قىلىقلىرىم بىلەن ئاپتوبۇس ئىچىدىكى كىشلەرنى زىرىكتۇرمىدىم .

ئۇھ ، ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كۆزۈم ئىلىشىپ كەتتى ، نىمە دىگەن ئىگىز بىنالار ، نىمە دىگەن كۆپ ماشىنا ،، ھەممە نەرسە مىنى ئۆزىگە تارتىۋاتاتتى ،

بىر چاغدا دادامنىڭ شەرەت قىلىشى بىلەن يىقىنلا يەردە توختاغلىق بىر ماشىنا يىنىغا كەلدىم . ئەسلى بۇ مەن قوبۇل قىلىنغان مەكتەپنىڭ يىڭى ئوقۇغۇچىلارنى مەخسۇس ئالغىلى كەلگەن ماشىنىسى ئىكەن ، دادام بىلەن بۇ چوڭ شەھەرنىڭ ھەربىر يىرىگە دىرىزىدىن قاراپ كىلىۋاتاتتۇق ، مانا مەكتەپكىمۇ كەلدۇق ، نەچچە يۈز يىڭى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا سەل قورۇنۇپ قالدىم ، ئەمما ئۇگەنگەن خۇي قالمايدىكەن ، ئۇيان ـ بۇيان يۈگرەپ يۈرۈپ بىردە ئۇنىڭغا بىردە بۇنىڭغا گەپ قىلىپ يۈرۈپ بىردە مىدىلا تېزىملىنىپ بولدۇم ، دادام مەن بىلەن ياتىقىمغا كىرىپ نەرسە ـ كىرەكلىرىمنى بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى . ئەتىسى دادام ماڭا ،

ـ ئارمان ، ئەمدى مەنمۇ خوشلىشاي ، ئاپاڭ ئۆيدە يالغۇز قالدى ، ئەنسىرەيدىكەنمەن ،بولسا ساڭا بىر نەچچە كۈن ھەمرا بولسام بولاتتى، دادام سۆزلىگەچ كۆزىگە ياش ئالدى ، بۇرۇن دادامنىڭ كۆز يىشىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن ، ھەم دادامنى ياش تۆكمەيدىغان ئىنسان دەپ چۈشەنگەن ئىكەنمەن ، ئەمما ئەمدىلىكتە ،

ـ دادا ، بۇغۇزۇم بوغۇلۇپ قالدى ، زورىغا كۈلۈپ تۇر سامۇ كۆز يا شلىرىم مەن بىلەن قار شلىشىۋاتاتتى، ـ مەندىن خاتىرجەم بول ، مىنىڭ مىجەزىمنى بىلىسەن ، باللار بىلەن چوقۇم چىقىشىپ كىتىمەن ،،، يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلغۇم بار ئىدى ، ئەمما ئاجىز كەلدىم .

ـ ئەمىسە ، ئامان بول ، ياخشى ئوقىغىن ، ئاپاڭنى ئەنسىرەتمە ، تىلفۇن قىلىپ تۇر ، مانا مۇشۇ گەپلەر بىلەن دادامنى ئۇزۇن يوللۇق قاتناش بىكىتىگە ئىلىپ كەلدىم ، نەچچە ۋاقتىن بىرى مىنى ئۆزىگە تارتقان ئالىي

مەكتەپكە كەلدىم ، ئەمما مۇشـــۇ پەيتتە دادام بىلەن بىللە ئۆيگە قايتقۇم كەلدى . شـــۇ ندىمۇ دادامنى ئەنسىرەتمەسلىك ئۈچۈن ئامال بار ئۆزۈمنى خوشال تۇتتۇم،

ـ خوش بالام ، مەكتەپكە قانداق بىرىشـنى بىلەرسـەن ، كوچا ئاپتۇبۇسـنى ئىسـىگدە تۇتتۇالغانمۇ ، دادام يەنىلا مەندىن ئەنسىرەپ تۇراتتى ،

ـ شۇنداق ، بىلمەن ، خاتىرجەم بول دادا ، ئاپامغا سالام ئىيت ،

تىخى بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئاپام مىنى شـۇنداق ئۇزۇتۇپ قويغان ئىدى ، بۈگۈن مەن دادامنى ئۇزۇتۇپ قويدۇم ، خىياللار ئىچىدە بىكەتتە بىر ھازا ساقلاپ كوچا ئاپتوبۇسغا چىقىپ مەكتەپكە يىنىپ كەلدىم ، ھەم تۇنۇگۈن تىزىملىغان ۋاقتتا مۇئەللىمنىڭ :« ئەته ، سىنىپقا كىرىڭلار» دىگەن سۆزى بويىچە سىنىپقا كەلدىم ، ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشىمگە ماڭا يات چىرايلار خۇددى ئادەم كۆرمىگەندەك قارىشاتتى .

ـ سـالام مۇئەللىم ، ئىسـىمىم ئارمان، غۇلجا شـەھرىدىن ،دادامنى ئۇزۇتۇپ قويۇپ ماشـىنا توسـۇلۇپ قىلىش سەۋەبى بىلەن تۇنجى سائەتلىك دەرىسكە كېچىكىپ قالدىم .

ـ ئىجازەت ، بۇنىڭدىن كىيىن دىققەت قىلغىن ،ئاۋۋا دىرىزە تەرەپتىكى 3 ـ پارتىدا ئولتۇرغىن !

دىرىزە تەرەپكە قارىسام بىر قىز بالا بېشىنى تۆۋەن سلىپ بىرەرسى بىلەن ئازارلىشىپ قالغاندەك ئولتۇرۇپتۇ ، ئىتتىك مېڭىپ يىنىغا باردىم ، ئەمما ھىچ ئورۇن بوشتىدىغاندەك ئەمەس،

ـ ماڭا ئورۇن بىرەمسىز ياكى ئۆرە تۇرىۋىرەيمۇ؟

ـ ھە ، مەن ، ياق ،، مانا ، ئۇ قىز تولىمۇ خىجىلچانمۇ بىلەلمىدىم . مۇشـــۇ بىر نەچچە ئېغىز گەپنىمۇ نەچچىگە بۆلۈپ ئارانلا دىدى ، باشـقا باللار بولسـا پىخىلدىشـىپ كۈلۈشاتاتتى ، بۇ ئۇياتچان قىز ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتتى ،ھەم كەينىگە بۇرۇلۇپ كۈلگەنلەرگە ھومىيىپ قويدى .

مانا مۇشۇ كۈندىن باشلاپ بۇ ئۇياتچان قىزبىلەن پارتىداش بولدۇم ،ئىسمىنىڭ ئىپار ئىكەنلىكىنى ھاپىلا ـ شاپىلا سوراپ بىلىۋالدىم، ئەمما مىجەزىمىز قارمۇ ـ قارشى ئىدى ، بەزى چاغلاردا سەل ئىچىم پۇشۇپ ،

ـ ئىپارخان ( شۇنداق ئاتاتتىم) ،، گەپنىڭ ئاخىرىنى دىگۈچە ، ئۇ قىز

ـ ئۇش، خەت يىزىۋاتىمەن ، مانا مۇشۇنداق پاراڭ خوش ياقمايدىغان بۇ قىزدىن كۆڭۈل «سۇ» ئىچمىگەچ ، دائىم باشقا پارتىلارغا بىرىپ ئولتۇرۇۋالاتتىم ، مەيلى قايسىلا ئورۇنغا بارماي ، شۇ جايىنى كۈلكىگە ئايلاندۇرۇپ قوياتتىم ، باللارمۇ ئەتراپىمغا ئولىشاتتى ، ۋاقتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئىپار بىلەن ئاندا ـ مۇندا بولسىمۇ پاراڭ قىلىدىغان بولدۇم ، قىلىنلىق قىلىپ بولسىمۇ بۇ گەپكە پىششىق قىزنىڭ ئېغىزدىن سۆز ئالاتتىم .

ـ ئىپارخان ، مەردانىڭىز بارمۇ؟

ـ قايسى مەردان ئۇ؟

ـ ۋاي ھىلىقى ، سىزنى ئۇردىدىن ئىلىپ قاچقانچۇ،

ـ جىم ئولتۇرىڭە ، نەدىكى گەپنى قىلماي،

ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن يىنىمدىكى بۇ قىز ماڭا باشقىچە بىلىندى ، ئۇ باشقا قىزلاردەك ، ئارمان مىيەگە كىلە ، دىمەيتتى ، مەن گەپ قىلسام گەپ قىلاتتى ، بولمىسا جىمجىت ، نىمە شقىكىن ئىپارنىڭ بۇ تارتىنىشلىرى مىنى ئۆزىگە تارتاتتى . مەندە بۇ قىزغا بولغان قىززىقىش تۇيغۇسى تىخىمۇ كۈچىيۋاتاتتى. كىچىدە ياتاقداشلار بىلەن ئانچە ـ مۇنچە گىپىنى قىلىپ قوياتتۇق ، سىنىپقا كىرىپلا ئىپارنىڭ بار يوقلىقىغا سەپ سالىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم . ئەجىبا يۈرەك بىراۋلارغا « قۇل» بولۇشنى ئۆيلاۋاتقانمىدۇ؟

نىگار:

شـۇنداق قىلىپ بۇ خۇشـچاقچاق بالا بىلەن ئاندا ـ مۇندا پاراڭلىشـىپ قويغاننى ھىسـاپقا ئالمىغاندا يەنىلا تۇرمۇشۇم ئۆز قېلىپىدا ئۆتۈشكە باشلىدى،ئانامنى تولا سېغىنىاتتىم،دەم ئېلىش كۈنلىرى ئانام بىلەن يىراق يوللۇق تېلىفۇن قىلىـپ كۆڭلۈمنى تەسـكىن تـاپقۇزسـامۇ يەنىلا كۆپ ھـاللاردا مېنى بىر خىـل غېرىپلىق چۇلغايتتى.ياتاقتىكى مەندىن باشقا قىزلارنىڭ ھەممىسى ئالىلبۇرۇن مەدىنىيلىشىپ «مودا»كىيىم ـ كېچەكلەر دۇنياسـىغا شـۇڭغۇپ بولۇشـقان ئىدى.مەن ئۇگىنىش قىلىش بىلەنلا بولۇپ بۇنداق ئىشـلارغا كۆڭۈل بۆلمىدىم دىسـەم يالغان بولار مەنمۇ بىر قىز بالا بولغانلىقىم ئۈچۈن تۇرۇپ ـ تۇرۇپ يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ ياسـانغۇممۇ كېلىپ قالاتتى،بىراق شـۇ خىياللار بىلەن پۇل قاپچۇقۇمنى ئېلىشـىم بىلەنلا ئانامنىڭ مىسـكىن چىرايى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولۇپ ئىتتىك قولۇمنى تارتىۋالاتتىم،بارا ـ بارا بۇنداق ئاددىلىق تەبئى ھالدا مېنى با شقىلارغا ئارىلىشـىشـتىنمۇ ئۆزىنى تارتىدىغان قىلىۋەتتى تەبئى ھالەتتە دوسـتلىرىممۇ يوق ئىدى،بىراق يېنىمدا ئولتۇرىدىغان ئارمانلا ماڭا باشقىچە مۇئامىلىدە يەنى مېنى تۆۋەن كۆرگەندەك قىلمايتتى،ئۇ ئىشقىلىپ پۇرسەت بولسىلا مېنىڭدىن گەپ سورايتتى، سورىغان سۇئاللىرىغا مەيلى جاۋاپ ئالسۇن ئالمىسۇن يەنىلا مەندىن گەپ كوچىلاپ باقاتتى .

_ئىپارخان.مەردانىڭىز بارمۇ؟

ـ قايسى مەردان؟

_سىزنى ئوردىدىن ئېلىپ قاچقانچۇ؟_ئۇنىڭ مۇشۇنداق چاقچاق ئارىلاشقان گەپلىرىلا كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇراتتى.شۇنداق بولسىمۇ مەن يەنىلا ئۆزۈمنىڭ ئىچ مىجەز قىياپىتىم بىلەن ئۇنىڭ چاقچاقلىرىغا چاقچاق بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇشقا تامامەن ئامالسىز ئىدىم .

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتتى،مەنمۇ بارا ـ بارا ئۇنىڭ مىجەزىگە كۆنۈپمۇ قالدىم،ئۇ بىرەر سەۋەپلەر بىلەن سىنىپقا كىرمەي قالسا ئۇنىڭ سىنىپقا كىرىشىنى كۈتۈدىغان بولۇپ قالدىم.بىر كۈنى كەچلىك تەكراردا بېشىمنى كۆتۈرمەي خاتىرە يېزىۋاتاتتىم.پاققىدە قىلىپ بىر نىمە بېشىمغىلا تەگدى مەن نىمە ئىش ئىكەنلىگىنى بىلىپ بولغىچە «پاراققىدە»كۈلكە كۆتۈرۈلدى.مەن تېرىكىپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ئارمان گۇناھكارلارچە يېنىمدا قىزىرىپ تۇرۇپتۇ .

_سىز؟_مەن گېپىمنى دىيەلمەي كۆزلىرىمگە لۆممىدە ياش ئالدىم .

_كەچۈرۈڭ ئىپار،مەن قەستەن قىلمىدىم،_ئۇ كۆزۈمدىكى ياشنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتىمۇ ئەشقىلىپ دۇدۇقلاپ كەتتى.ئۇنىڭ بۇ گېپى بىلەن ئە سلىدىنلا نازۇك كۆڭلۈم را ستىنلا ئازارغا ئۇچرىغاندەك بولۇپ ئە سەدەپ كەتتىم دە،سىنىپتىن چىقىپ كەتتىم .ئۇ نىمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى .

تەكراردىن يېنىپ ياتاققا كىرگەن قىزلار تۇشمۇ ـ تۇشتىن مېنى ئەيىپلىشىپ كەتتى،ئۇلارنىڭ دىيىشىچە مەن خاتىرە يېزىۋاتقان شۇ پەيتتە مېنىڭ ئالدىمدا ئولتۇرىدىغان جۈرئەت ئۇنى تېرىكتۈرۈپ بىر گەپ قىلىپتىكەن ئۇ ئوينىشىپ خاتىرەنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئېتىشى بىلەن قانداق بولدىكىن ئۇ خاتىرە مېنىڭ بېشىمغا تېگىپ كېتىپتۇ،مەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئارمان بەكمۇ ئۇڭايسىز ئەھۋالدا قاپتۇ،ئۇ ياتاقداشلىرىمغا بۇنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى قايتا ـ قايتا جىكىلەپ كېتىپتۇ ھەم تەكراردىن قايتقۇچە بىرمۇ ئېغىز گەپ قىلماي كۈلمەي بىسەرەمجان ئولتۇرۇپتەك.بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ نىمشقىدۇر ئۆزۈمنىڭمۇ ئۆزۈمگە سەل ئاچچىقىم كەلدى.نىمگە ئەمدى مەنمۇ نىمانچە تاۋى نازۇكلۇق قىلىپ كەتكەندىمەن؟ئۇمۇ ئەتەي قىلمىدىم دەپ قىزىرىپ كەتكەن ئىدىغۇ؟رراستىنى ئېيتسام ئۇنىڭ بۇنداق ئوڭايسىز ھالەتتە تۇرۇشىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى.شۇ كۈنى ئۆزۈمنىڭچە ئۇخلىيالمىدىم ھە دىسىلا ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ تۇرۇپ:«مەن ئەتەي قىلمىغان ئىدىم»دەپ تۇرۇشى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى.ئۇھ،مەن نىمە بولدۇم؟خاتىرە ئاتقان ياكى مەن بولمىسام،يەنە ئۆزەمنى ئەيىپلەپ يۈرگىنىم نىمىسى؟؟

ئەتىسى سىنىپقا كىرىپ ئورنۇمغا كەلسەم ئۇ مەندىن بۇرۇن ئولتۇرۇپ بوپتۇ.مەن كېلىشىم بىلەنلا ئۇ ھىچ ئىش بولمىغاندەك ھەييارلىق بىلەن ئېگىلىپ بىر تازىم قىلدىدە

_مەرھەمەت،ئىپار خان مەلىكەم_دىدى.مەن ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ مىيىغىمدا كۈلۈپ قويۇپ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇردۇم،«مەلىكەم»دىگەن سۆزدىن يۈرىكىم «جىغغىدە»قىلىپ كەتتى .بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئوتتۇرا رەت ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرىدىغان زۇمرەتنىڭ رەشك قاپلىغان كۆزلىرىدىن

سىۋغۇق ئۇچقۇنلارنى چاچرىتىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.دەرىس ۋاقتىدا ئۇ كىچىككىنە بىر باغاقچىغا بىر نىمە يېزىپ ئالدىمغا سۇرۇپ قويدى، «ئىپار،مەندىن رەنجىدىڭىزمۇ؟ «

مەن قېتىمغا ئالماسلىقىقا تىرىشقان بولسامىمۇ يەنىلا قەلىمىم ئۆزۈمگە بويسۇنماي ئۇنىڭغا جاۋاپ يازدىم «هەئە «

»كەچۈرۈڭ،مەن قەتئى ئۇنداق بولىشىنى ئويلىمىغان ئىدىم،راسلا،مەن ناماقۇل بولاي «

»مەن ناماقۇل بولاي مەلىكەم،ئۇنىمىسىڭىز بىكار سىزنى ئوردىدىن ئېلىپ قاچمايمەن هە؟ «

ئۇنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن شــېتىللىك قىلىپ يازغان باغاقچىلىرىدىن دەرىســتىن كۆڭلۈم بۆلۈنۈپ كەتتى،ئاخىرقى باغاقچىسىدىكى خەتتىن كۆلكەم قىستاپ مىيىغىمدا كۈلۈمسىرىدىم.ئۇ يەنە بىر باغاقچە يېزىپ ئالدىمغا سۇرۇپ قويدى«ئىپار كۈلســىڭىز بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەنســىز ،كۈلۈپ يۈرۈڭە!»يۈزلىرىم قىزىرىپ ئالمان ـ تالمان ئۇ باغاقچىنى پۈكلەپ ئۇششاق قىلىپ يىرتىۋەتتىم ئىختىيارسىز يۈرىكىم سېلىپ ئۇنىڭغا قارىيالماي قالدىم . . . .

شـــۇنــداق قىلــىپ مەن ئۇنــىڭ شـــوخ مىجەزىگىمۇ كۆنۈپ قــالــدىم،يــاتــاقتــا كىرســـەملا يەنە ئۇنىڭ گېپى .قىززىق،بۇرۇنقىدەك باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ قىزلارنىڭ پاراڭلىرىغا ئارىلاشمىسامىمۇ ئەمما پۈتۈن زېھنىم بىلەن ئۇ توغرىلىق پاراڭلارنى تىڭشايدىغان قىزىقىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم .كەچلىرى ئۇخلاش ئالدىدا ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك قىزىقارلىق گەپلىرىنى شوخ قىلىقلىرىنى ئويلاپ ئۆزۈمچە مىيىغىمدا كۈلۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم،ماڭا نىمە بولۇۋاتىدۇ تووۋا خۇدايىم،ئۇنىڭ ئۇستىگە ياتاقدىشىم زۆمرەت مېنى ئۇنى بۇنى گەپتە بانا قىلىپ چېقىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن ئىچىم سىقىلسىمۇ يەنىلا كەم سۆز لىكىم بىلەن جىممىدە ئۆتكۈزۈۋېتەتتىم.پەممىچە زۆمرەت ئارماننى ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك قىلاتتى،ئۇ ياخشى كۆرسە كۆرۈۋەرمەمدۇ مېنى گەپتە چېقىپ نىمە قىلىدۇ دەيمەن؟ئېغىزىمدا شــۇنداق دىســەممۇ قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە بىر خىل تۇيغۇ بىخ سۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى،بۇنىڭ قانداق تۇيغۇ ئىكەنلىگىنى بىلىشنى خالىمايتتىم .

ما نا هەش ـ پەش دىگۈچە يېڭى يىلمۇ كېلىپ قالدى. يا تاقتىكى هەممىســـــى يېڭى يىللىق كىيىملەرنى ئېلىشــتى.مەنمۇ ســقىپ يىغىپ قويغان پۇلۇمنى ئېلىپ چىقىپ ئاددى بولســىمۇ يارىشــىملىق بىر دانە پوپايكا بىلەن ئاســتى چېچىلىپ تۇرۇدىغان چىرايلىق بىر يوپكا ،ئاياق ســېتىۋالدىم،ياتاقتا ئادەم يوق ۋاقىتتا كىيىپمۇ باقتىم،هەي قىز كۆڭلى دىگەن،يەنىلا قىز بولغىنىم ئۈچۈنمۇ شۇ كىيىمنى كىيگەنەدىكى هالىتىم شۇنداق روهلۇق ئىدى.شــۇ هالەتتە ئادەتتىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەندەك هىس قىلىپ تۇيۇقســىز ئۇنىڭ مېنى شــۇ هالىتىمدە كۆرۈشنى خالاپمۇ قالدىم .

ئاشكار :

يۈرىكىمدە يالقۇنجاۋاتقان بۇ ئوت ئەمدى مىنى قىيناشـــقا باشـــلىدى . بولۇپمۇ ئالدىنقى كۈنى يۈز بەرگەن ئانچىكى خاتالىق مىنى ئاۋال ئەندىشـگە سـېلىپ قويدى. ئاندىن ئىپارغا يېقىنلىشـشـىمغا پۈرسـەت يارتىپ بەردى .

ئالدىنقى كۈنى كەچلىك تەكراردا مۇزاكىرە قىلىش ماڭا قەتتىلا خوش ياقمىدى، ســنىپتا يىقىن ئۆتىدىغان دوستوم ئەرپاتنىڭ يېنىغا بېرىپ مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتىم، ئىپار بولسا ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى ، بىر چاغدا مىنىڭ پارتامىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردىغان جۇرئەت ماڭا قاراپ شەرەت قىلدى ،

ـ ئارمان ، ، ، ئۇ ئىسمىمنى چاقىرغاچ ماڭا ئىپارنى كۆر ستەتتى ، ئۇ بۇ قىلىقنى بىرنەچچە رەت قايتىلىدى، ئىچىمدە : ھەجەپ ئىچىمنى پۇشۇردى ماۋۇ لەقۋا دەپ تۇرسام ماڭا بىر كىتابنى سۇنۇپ تۇرۇپ

ـ ئىچىدە خەت با ، ئاداش، ئوقۇپ باقە ، دەپ پىچىرلىدى ،

خەتنى ئوقۇپ قان ـ تومۇرلىرىم كۆپۈپ كەتتى ، مەزمۇنى مۇنداق ئىدى،« ئارمان، ئىپارخانىڭلارنى مەن قولغا كەلتۈرەيمىكىن، ئاداش بولغاندىكىن ئۆتۈنۈۋەتمەمسـەن،» باياتىن ياقى ئىچىمنى پۇشـۇرۇپ قىلغان قىلىقلىرىغا بۇ خەت قوشـــۇلۇپ ئۆزۈممۇ بىلمىگەن ھالدا كىتابنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتىم. ئەمما مەن ئاتقان كىتاب جۇرئەتكە ئەمەس بەلكى ئىپارغا تەگدى ، تەككەندىمۇ خىللا قاتتىق تەگدى ، ئىپار بېشىنى تۇتۇپلا قالدى ، ئەتراپتىكى باللار بولسا بۇ « قىززىق» ئىشتىن كۈلۈشۈۋاتاتتى ، ئىشنىڭ چاتاقلىقنى پەملەپ ئىتتىك بېرىپ ئىپارنىڭ يىنىدا ئۆرە تۇردۇم، بىر چاغدا ئىپار بېشىنى كۆتۈرۈپ :

ـ سـىز ، دەپلا توختاپ قالدى. مىنىڭ ـ كەچۈرۈڭ ، قەسـتەن قىلمىدىم ، دىگەن سـۆزلىرىمگىمۇ پىسـەنت قىلماي ئورۇنىدىن تۇرۇپلا سىنىپتىن چىقىپ كەتتى .

ئىپارنىڭ سىنىپ ئىشكىنى «گۈپ» قىلىپ يىپىشى بىلەن يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى ، بىرخىل ئەندىشە ئىچىدە تۇرۇپ قالدىم ، ئۇنىڭ كەينىدىن چىققىم بار ئىدى ، ئەمما بۇ ئۇقۇشـــماسـلىقنىڭ تىخىمۇ چوڭىيىپ كەتمەســـلىكى ئۈچۈن چىقمىدىم ، ھەم ئىپار بىلەن بىر ياتاقتا ياتىدىغان ئادىلەنىڭ يىنىغا بېرىپ بايا بولغان ئەھۋالارنى ( خەت مەزمۇنىدىن باشــقا) تەپســلى سـۆزلەپ بەردىم ، ھەم ئىپارغا چۈشـەندۈرۈپ قويىشــنى ئۆتۈندۈم. ياتاققا قايتىپمۇ روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك يۈردۈم ، ياتاقداشـلىرىمنىڭ قىلغان چاقچاقلىرىغىمۇ جاۋاپ قايتۇرمىدىم ، كارۋىتىمغا چىقىپ ئاللىقانداقتۇر خىياللار بىلەن ئۇيقۇغا كىتىپتىمەن .

ئەتىسى سىنىپقا چىقسام ئىپار تىخى كەلمەپتىكەن ، مەن ئادىلەنىڭ يېنىغا بېرىپ،

ـ ئىپارغا چۈشەندۈرۈپ قويدىڭىزمۇ؟ دەپ سورىدىم .

ـ شۇنداق ، ئارمان تاپشۇرغان ۋەزىپىنى قانداقمۇ ئورۇندىماي قالارمەن، ئۇ كۈلۈپ قويدى،

ھەرھالدا يۈرىكىم ئازىراق بولسىمۇ جايىغا چۈشۈپ قالدى ، بىر ھازادىن كېيىن ئىپار كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ماڭا قارايدىغان ھالى يوق ،ئىپارنىڭ ئاچچىقى تىخى يانمىغان ئوخشايدۇ; ، دەپ پەملىدىمدە ، ئۇ يېنىمغا كىلىشىگە

ـ مەرھەمەت ، ئىپارخان مەلىكەم ، دەپ خان ۋەزىرلىرىدەك ئىگىلدىم . ئىپار بولسا مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ جايىدا ئولتۇردى. ئەمما ماڭا يەنىلا گەپ قىلمىدى. مەن بىردەم ئۇيانغا بىردەم بۇيانغا قاراپ ئولتۇراتتىم ، ئىپار بولسا بېشىنى كۆتۈرمەي بىر نەرسىلەرنى يېزىۋاتاتتى ، بېشىمنى سوزۇپ قاراپ قويسام ، مەخپى خەت يېزىۋاتقاندەك بىلەكلىرى بىلەن توسىۋالاتتى . شۇ ھامان كاللامغا بىر خىيال كەلدى ، بۇ بىز ساۋاقداشلارنىڭ ئەڭ ئەپلىك ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىمىز ـ باغاقچە يېزىش ئىدى، قېلىنلىق قىلىپ يۈرۈپ باغاقچىلارنى توختىماي يازدىم ، ئۇ ئاخىرى كۈلدى ، ھەم قىسقىلا قىلىپ ،

ـ سىزنى كەچۈردۈم، دەپ خەت قايتۇردى .

مانا كۈنلەر ئۆز تەرىقىسىدە ئۆتىۋەردى، ئىپار بەزى چاغدا مىنىڭ قىلغان ئانچىكى سۆزلىرىمگىمۇ كۈلۈپ كىتەتتى ، مىنىڭمۇ ئۆز ئورنۇمنى تاشلاپ باشقا باللارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىغان ئىدى . باشقىلار يېنىغا چاقىرسىمۇ بارمايدىغانلا بولدۇم . ئىپارنىڭ نازلىق كۈلۈشلىرى ، چاچلىرىنى ئوڭشاپ قويۇشلىرى ، ئىشقىلىپ ھەربىر ھەركىتى مىنى ئۆزىگە رام قىلاتتى . يەنە بىر تەرىپى بولسا ، بۇ قىز باشقا قىزلاردەك ئايدا بىر كىيىم كەيمەيتتى ، شۇنچىلىق ئاددى ـ ساددا ، شۇنچىلىق رەتلىك يۈرەتتى ، مەنمۇ ئوتتۇراھال ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولغاچقا ئىپارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى مىنى سۆيۈندۈرەتتى .

مانا يىڭى يىلغا ئاز قالدى ، باللار بىلەن ئىچەكىشىپ كەتكەن ئىدۇق ، بىز مەسلىھەتلىشىپ يىڭى يىلدا بىرەر يەرگە بېرىپ ئويناپ كەلمەكچى بولدۇق. بۇ كۈنمۇ يىتىپ كەلدى ، مەن ياتاقداشلار بىلەن چىرايلىق كىيىنىپ ، ياتاقتىكى دىرىزىگە چاپلاپ قويغان كىچىك ئەينەكنى تالىشىپ يۈرۈپ تەييار بولدۇق ، كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن ياتاقتىن چۈشۈپ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدۇق ، قارىساق سىنىپتا كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان قىزلار چىرايلىق كىيىملەر ، بىرنىمە بىرنىمە چاچلار بىلەن تونۇغۇسىز بولۇپ كىتىپتۇ ، باللار بىلەن ئۇلارغا يىقىن قالغاندا دىيىشىۋالغاندەكلا بىز بىر نەچچىمىز تەڭلا توۋلاشتۇق،

ـ ۋويييۇ ، ماۋۇ بىزنىڭ قىزلارما؟

قىزلار بىر ـ بىرىگە ھىجايىشىپ قاراپ قويۇشتى ، ئەمما مەن شۇنچە قاراپمۇ بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىپارنى تاپالماي قالدىم ،

ـ باللار تولۇق يىغىلدىمۇ ؟ ئارىدىن ئەرپات ئۈنلۈك ۋاقىردى ،

ـ بىز كەلدۇق . مەكتەپ تەرەپتىن بىر نەچچە قىز يۈگۈرۈپ كىلىۋاتاتتى ، ئۇلار يىقىن كەلگەندە كۆزۈمگە ئىششەنمەيلا قالدىم . ئىپارنىڭ ياراشتۇرۇپ كيگەن كىيىمى ، قويۇپ بەرگەن چىچى ، مەن خۇددى بىر پەرىشتىنى ئۇچراتقاندەك ھەيرانلىق ئىچىدە قالدىم .

ـ ماڭامدۇق ، باللار ، ئارمان ھەي ئارمان ، بوله ، جۈرئەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغان بولسام ئىپارغا يەنە قانچىلىك تىكىلىپ تۇراتتىمكىن ، مانا ھەرقايسى يۇتلاردىن كەلگەن باللار ئەمدى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك كىتىپ بارىمىز ، كۆلكە ـ چاقچاقلار ، ئىككى ـ ئىككىدىن بولوپ مڭىشىشلار ، .،.،. شۇنداق قىلىپ بىز **4** سائەتلىك ئىجارىغا ئالغان بىز موزىكا زالىغا كىردۇق ، ئوغوللار بىر چەتتە قىزلار بىر چەتتە بولوپ بۇ **40** نەچچە بالا ئىككىگە بۆلۈندۇق ، موزىكا قويۇلۋاتاتتى ، ئاۋال ھەممىمىزدە يىتىرقاش غالىپ ئىدى ، بارا ـ بارا باللار تانسىغا چۈشتى ، مىنىڭ ئەس ـ خىيالىم ئىپاردا ئىدى ، ئىپار بولسا يەنە شۇ يەر تىگىدىن تانسا ئوينىۋاتقانلارغا قارايتتى . قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن مەن ئولتۇرىۋىرىپ زىرىكتىم ، قويۇپ بىرەر قىزنى تانسىغا تارتاي دىسەم ، ئىپارغا باشقىچە تەسىر بىرىپ قويۇشتىن ئەنسىرەتتىم . بىر چاغدا ئاغنەم ئەرپات كىلىپ قۇلىقىمغا پىچىرلىدى ،

ـ ئاداش ، غۇلجىلىق بالا ئولتۇرۇۋالسا سەت تۇرىدىكەن ، بىرىپ ئىپارنى تاتە، بىز تاتساق چوقۇم ئۇنىمايدۇ

ـ ماڭە ۋاي ، شۇنداق ئىگىلىپ قولۇمنى سۇنسام ، كەيىنگە قاراپ تۇرىۋالسا ، ئۆلمەمدىمەن ، بۇ گەپنى دەپ بولوپ ئويلۇنۇپ قالدىم . يەنە بىر قىلىنلىق قىلاي ، مۇشۇ ۋاقىتتا شۇنداق لەرزان مۇزىكا چىقىپ قالدى . ئۆزۈمنى تۇزەشتۇرۇپ قىزلار ئولتۇرغان جوزا تەرەپكە ماڭدىم . قىزلار ماڭا قارىشىۋاتاتتى، بەلكىم قايسىمىزنى تارتا دەپ ئويلىشىۋاتىسا كىرەك ، ئۇدۇل ئىپارنىڭ ئالدىغا بىرىپ ئۇنى تانسىغا تارتتىم ، ئۇھ ، مەن ئۆلمىدىم ، ئىپار ماڭا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئورۇندىن تۇردى ، ئوغۇللار جوزىسىدىن بىر نەچچەيلەن ئىسقىرتىپ قويدى

مانا ، قۇلاق تۈۋىمدا مۇزىكا ئاۋازى ، قولۇمدا ئىپارنىڭ نازۇك قوللىرى ، ئۇنىڭ چاچ پۇرىقى شۇنداق مىزىلىك پۇرايتتى ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭ قوللىرىنى تىخمۇ مەھكەم تۇتتۇم ، ھەم بىشىمنى ئىگىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستاغىنە ،

ـ سىز ئىپارخانمۇ ؟ ، ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەك كۈلۈپ قويدى ، مەن بولسام يەنە دىدىم .

ـ مەن مەردانىڭىز بولاي ، بۇ قىتىم ئۇ كۈلمىدى ، جىمىپ كەتتى ، ھەم ماڭا ـ باشقا باللارغا قاراڭە دىگەندەك شەرەت قىلدى ، قارىسام پۈتۈن مەيداندا پەقەت ئىپار ئىككىمىز قاپتۇق ، ئىپارغا قارىسام ئۇنىڭ چۈشۈپ كەتكۈسى باردەك قىلاتتى ، ئەمما مەن ئۇنىڭ قوللىرىنى تىخمۇ چىڭ تۇتتۇم .

ـ ئويناۋىرىمىز ، بۇ يەردە پەقەت ئىككىمىزلا بار دەپ ئويلاڭ ،

ـ ھىم ، ئىپار يەرگە قاراپ بېشــــىنى كۆتۈرمەيتتى ، ئەمما مەن بىر ئىغىز ســـۆز بىلەن ئۇنى ھالاك ـ تالاك قالدۇردۇم .

ـ ئىپار ، بىلەمسىز ، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن ، سۆزۈمنى ئاڭلىغان ئىپار چۆچۈپ كەتكەن كىيىكتەك ماڭا قاراپلا قالدى . مەن يەنە تەكرارلىدىم

ـ مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن . . .

مۇشـــۇ چاغدا موزىكا تۈگەپ قالدى ،ئۇنىڭ نازۇك قوللىرىنى قىيمىغان ھالدا قويۇپ بەردىم. باللار چاۋاكلىرى بىلەن بىزنى مەيداندىن ئۆز ئورونلىرىمىزغا قايتۇردى ، جايىمغا كىلىپ ئولتۇرۇپ ئىپارغا قارىدىم ، ئۇمۇ ماڭا قاراۋتىپتىكەن . مانا كۆزلىرىمىز ئەمدى رەســمى ئۇچراشــقان ئىدى ، ئەمما ئۇ كۆزىنى قاچۇردى ، منى يەنە ئەندىشــە قاپلىدى . ئىپارنىڭ ســۆيگۈمنى قۇبۇل قىلماســلىقىدىن ، پەرۋاســز قارىشــىدىن ، ھەتتاكى بۇندىن كيين مەن بىلەن پاراڭ قىلماسلىقىدىن ئەنسىرەتتىم .

نىگار :

شۇ كۈندىكى تانسىدا مەن ئۇنىڭ بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن بىر نەچچە قول تانسا ئوينىدىم ،قىززىق ئىش ،قىزلار قانچىكى ئۇنىڭغا ئامراق بولسا سىنىپىمىزدىكى ئوغۇللارمۇ مەندەك كەمسۆز قىزلارنى ياخشى كۆرسە كېرەك ،كيين ساز با شلىنىدىشى بىلەنلا ماڭا قاراپ ئالدىراش كېلىۋاتقان(بۇ ئۆزۈمنىڭ خىيالى)ئارماننىڭ ئالدىدا مىنى تانسىغا تارتىۋالاتتى ،مەن خۇددى گۇناھ مەندىدەك ئارمانغا ئوڭايســــز ھالەتتە قاراپ قويياتتىم ،ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ قىزغىنشــقا ئوخشــاش ھســـــياتنىڭ شــولىســـىنى كۆرگەندە بولســا ئىچىمدىن بىر خىل شــاتلىق ئۇرغۇپ چىقاتتى.توۋا ،مەن نىمە بولدۇم ،ئەجىبا بۇ سـۆزمەن يىگىتنى ياخشــى كۆرۈپ قالغاندىمەنمۇ؟؟ئۇنىڭ قۇلقىمغا پىچىرلاپ دىگۇدەك دىگەن گەپلىرى راسمىدۇ؟ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇۋاتقان شۇنچە قىزلار تۇرسا ئۇ مەندەك بىر جىم ـ جىتلا يۈرىدىغان ئاددى بىر قىزنى ياخشـــى كۆرۈپ قالغاندىمۇ؟ياق ،ياق ،ئۇ دائىم چاقچاق قىلىشـــقا ئامراق چوقۇم بۇ چاقچاق .

ئاشـــۇ كۈندىكى تانســــدىن كيين مەن باشــقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم ،بىر نەچچە كۈنگىچە بىز تۈزۈكرەكمۇ پاراڭلاشـمىدۇق ،نىمە ئۈچۈنكىن ئارماننىڭ بۇرۇنقى پاراڭلىرى ئازلاپ كۈلكىلىرىمۇ يوق ھســابىدىلا بولۇپ قالدى . بەزىدە ئولتۇرغان ئورنىدا مىدىرلىماي سائەتلەپ خىيال سۇرەتتى .ئۇنىڭغا قارىغاندا مەن خىلىگەپ قىلىدىغان بولۇپ سۆزمەنلىشىپ قالغان بولساممۇ بىراق ئۇ بار يەردە يەنىلا گېپىمنى تاپالماي تېنەيتتىم .كۈنلەر شـــۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى مانا قىشـــلىق تەتىل ۋاقتىمۇ بولدى .بۇگۈن يۇرۇتقا قايتىش ئۈچۈن بىر يۇرتلۇقلار بولغان ئابتۇبۇس بىلەن قايىتماقچى بولۇپ نەرســـە ـ كېرەكلىرىمنى ئېلىپ چۈشـــۋاتاتتىم ياتاق دەرۋازىســـى ئالدىدىلا ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالدىم ،

_قايتامسىز؟

مەن هەئە دىگەن مەنىدە بېشىمنى لىڭشىتتىم .ئۇ شۇنداق بىر غەمكىن هالەتتە بىر ئۇھ تارتىۋەتكەندىن كېيىن :

_مەنمۇ قايتماقچى ئىدىم،سىلەرنىڭ يۇرتلىقڭلار كۆتىرە ئالغان ئاپتۇبۇس مەكتەپكىلا كېلىدىكەن هە؟مەن مۇ شۇ يەردە خو شىلى شاي،خوش ئامان بولۇڭ!_دەپ قولۇمغا بىر كونۋىرتنى تۇتقۇزۇپ قويدىدە،ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئىتتىك قەدەملەر بىلەن كېتىپ قالدى .

مەن ئاپتۇبۇ سقا چىقىپ قوزغالغاندىن كېيىنلا چەكسىز قىزىقىش ۋە ئىنتىزارلىق بىلەن كونۋىرتنى ئاچتىم،خەت قىسقا قىلىپ يېزىلغان ئىدى«قەدىرلىك ئىپار،ئۇزۇن ئويلىنىشلار ئارقىلىق سىزگە خەت يېزىشنى مۇۋاپىق كۆردۇم،نىمە بولدۇمكىن شۇنچە سۆزمەن كۆپ گەپ قىلىدىغان ئارمان ئەمدى سىزگە بۇ گەپلەرنى ئۇدۇل قىلالماي خەت ئارقىلىق ئىزهار قىلىدىغان بولدى.ئىپار ،بىلەمسىز مەن سىزنى ياخشى كۆرۈمەن،بۇ مېنىڭ چىن سۆزۈم،ئۆزۈم شوخ بولسامۇ بىراق مۇ شۇ كەمگىچە قىزلارغا بۇنداق هەسسياتتا بولغىنىمنى بىلمەيمەن،نىمە ئۈچۈنكىن سىزدىكى هەددىدىن ئارتۇق تارتىنچاق،جىمغۇر مىجەز دەسلەپتە ماڭا ياقمىغان ئىدى،بىراق ۋاقتىنىڭ ئۆتۈ شى بىلەن بىلمىدىم سىزنىڭ ساددا ئا شۇ مە سۇم تۇرقىڭىز مېنى مەهلىيا قىلىۋالدى سىزگە ئا شىق بولۇپ قالدىم،مەن باشقىلاردەك سىزنى ئارتۇقچە تەرىپلەپ ئۈچۈرۈپمۇ ئولتۇرمايمەن ،يېڭى يىل كۈنى زور غەيرەت بىلەن سىزگە قەلبىمنى ئاشكارىلىغان ئىدىم،بىراق سىزدىن شۇ كەمگىچە جاۋاپ كۈتۈپ جاۋاپ ئالالمىدىم.ئىپار.خالىسىڭىز سىزمۇ مېنى ياخشى كۆرسىڭىز قىشلىق تەتىلدىن كەلگەندە ماڭا جاۋاپ سۈپىتىدە قوشماق مېغىز ئالغاچ كېلىڭ،خالىمىسىڭىز ئۇن-تىنسىز تۇرۇۋېلىڭ بولامدۇ؟مەن سىزنىڭ «ياق»دىگەن ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاشنى مەڭگۈ خالىمايمەن .

سىزنى مەڭگۈلۈك سۆيۈپ :ئارمان»

خەتنى قانچە قېتىملاپ ئوقۇپ چىققىنىمنى بىلمەيمەن.ئىچىمدىن ئۇرغۇپ چىققان بىر خىل خوشاللىق بىلەن ئاپتۇبۇ سنى ئاپتۇبۇس دىمەي پىرقىراپ ئۇ سىسۇل ئويناپ كەتكۈم كەلدى،هەي بىراق . .مەن قانداقمۇ ئۇنىڭغا لايىق كېلەي؟؟

ئانام بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتكەن قىشلىق تەتىل ۋاقتىم توشۇپ مەكتەپكە قاراپ يول ئالدىم،مەكتەپنى ئوچۇقنى ئېيتقىنىمدا ئۇنى شۇنچىلىك سېغىنغان ئىدىم،تەتىلدە ئانامنىڭ قېشىدا گەپلىرىمىز تۈگىمەي كۈنلەر ئۆتكەن بولسىمۇ بىراق هەر كۈنى چىدىغۇسىز بىر تەشنالىق مېنى قىينايتتى، ئۇنىڭ كۈلۈپ:«ئىپارخان،مەلىكەم»دىيىشلىرى،شوخلۇق قىلىپ چېچىمنى تارتىشلىرى،دەرس ۋاقتىلىرىدا خىيالىمنى بۆلۈپ ماڭا كىچىك باغاقچە يېزىشلىرى هەر ۋاقىت كۆز ئالدىمدا زاهىر بولۇپ مېنىڭ ئۇنى شۇنچىلىك بىر ئوتتەك هىسسىيات بىلەن ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمنى تەن ئالدۇراتتى .

مەكتەپكە كېلىپ نەرســە ـ كېرەكلىرىمنى بىســقتۇرۇپ بولۇپ تۆۋەنگە چۈشــۈشــۈمگە ئۇنىڭغا دوقۇرۇشــۇپ قالدىم.پۈتلىرىم ئىختىيارىمغا بويسۇنماي قەدەملىرىم كالۋالىشىپ كەتتى،ئۇنى شۇنچە سېغىنغان،ھەر ۋاقىت خىيالىمدىن كۆتۈرۈلمىگەن بولســـامۇ بىراق تــارتىنچاقلىق بىلەن يۈگۈرۈپ بېرىــپ ئۇنىڭــدىن ئەھۋال ســورىيالمىدىم،بىر نەچچە قىز ـ يىگىت ســاۋاقداشــلىرىمىز بىللە چىقىپ تاماق يەپ كېلىدىغان بولدۇق،تاماق ۋاقتىدا بولســۇن بىللە ماڭغاندا بولســۇن مەن ئۇنىڭغا قارىمىغان بولســامۇ ئۇنىڭ ھامان ماڭا كۆز ئۇزمەي قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم تاماق يەپ بولۇپ قايتىشــمىزدا ئۇنىڭ يېقىن ئاغىنىســى ئەرپات نىملەرنىدۇر دەپ باشقىلارنى ئىلدام ئېلىپ كېتىپ ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق .

_مەن دىگەن ئامانەتنى ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ يا؟

ئۇ ئارىدىكى جىم ـ جىتلىقنى بۆلۈپ ســـورىدى .مەن ئوڭايســـىز بىر كەيپىياتتا قىزىرىپ تۇرۇپ يانچۇقۇمغا سېلىۋالغان قوشماق مىغىز تۈگۈلگەن تۈگۈنچەكنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېتىپ قالماقچى بولۇپ قەدىمىمنى يۆتكىدىم.توك سوققاندەك بىر سېزىم بىلەن ئۇ ئىتتىك قولۇمنى تۇتۇۋالدى.كۆزلىرى ھاياجان ۋە خوشاللىقتىن نۇرلىنىپ كەتكەن ئىدى :

_بۇ،بۇ راسمۇ،ئىپار؟مەن چۈش كۆرۈۋاتمىغاندىمەن ھە؟

مەن قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىمنى ئۇنىڭدىن قاچۇرغىنىمچە بېشىمنى لىڭشىتتىم .

_ئاھ رەھمەت مەلىكەم،ســـىز مېنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەمگە ئايلاندۇردىڭىز.رەھمەت ســـىزگە _ئۇ ئورنىدا بىر نەچچىنى پىرقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئالدىمدا روبىرۇ تۇردى؛

_مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىڭىز،ســـىزنى ئۆمۈر بويى قەدىرلەيمەن،ياخشـــى كۆرىمەن،ماڭا ئىشـــىنىڭ،ھەر قانچە ئىش يۈز بەرسىمۇ سىزنى ھەرگىز نائۇمىت قالدۇرمايمەن.كېلىڭ بۇ قوشماق مېغىزلارنى ئىككىمىز تەڭ يەيلى !

ئاشكار :

تۇنجى قېتىم ئىپارنىڭ قولىنى تۇتتۇم ، تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ خۇشـــبوي ھىدىنى پۇرىدىم ، يەنە تۇنجى قېتىم ئىپارغا ســۆيگۈ ھەققىدە ئېغىز ئاچتىم ، ئاشــۇ بەش مىنۇتلۇق موزىكا ماڭا بىر كۆككۆل ئىزھار قىلىش ســورىنى ھازىرلاپ بەردى ، ئەمما شـــۇنىڭ بىلەن يېنىمدا ئولتۇردىغان بۇ قىز بىلەن تۇنجى قېتىم كۆن ـ كۆنلەپ گەپ قىلىشــمدۇق، تۇنجى قېتىم شــوقلۇقۇمنى يۇقاتتىم ، ســـىنىپتىكى باللارنىڭ ئاۋازى ، كۈلكە ـ چاقچاقلار ماڭا مەنىســـىز تۇيۇلدىغان بولوپ قالدى. ئىپار مەندىن رەســـمىيلا يىتىرقاپ قالغان ئىدى . مەن بولســـام ســـەل بالدۇرلۇق قىلغىنىمدىن ئەپســـۇســـلىنىپ كۆنلىرىمنى تۈگمەس خىياللار بىلەن ئۆتكۈزىۋاتاتتىم. ھەش ـ پەش

دىگۈچە مەۋسۇم ئاخىرى بولۇپ قالدى. ئىپارنىڭ ئەتە يۇرتىغا قايتىدىغانلىقىنى بىلگەچكە بۈگۈن كىچىدە قىسقىلا قىلىپ بىر پارچە خەت يازدىم .

ئەتتىگەن تۇرۇپ نەرسە ـ كىرەكلىرىمنى يىغىشتۇرغاچ دىرىزىدىن مەيدانىغا قاراپ ـ قاراپ قوياتتىم . ئىپارنىڭ خۇددى شەيتانلاردەك غىپلا قىلىپ كىتىپ قىلىشىدىن ئەنسىرەتتىم . ياتاقتا ساقلاشنى راۋا كۆرمەي پەسكە چۈشتۇم ،ھەم قىزلار ياتاق رايۇنىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇردۇم . ئىپار بىرھازادىن كىيىن چىقىپ كەلدى . ئارتۇق گەپ قىلمايلا خەتنى ئىپارغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كەينىمگە ياندىم .

بۈرۈن تەتىل دىسە شۇنداق خوش بولۇپ كىتەتتىم مانا ئەمدى يىنىمدا ئولتۇردىغان ھىلىقى قىز بولمىغاچ بۇ تەتىلنى ئاران توشقۇزۇپ تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتكەن مەكتەپكە ، ياق ئىپارنىڭ يىنىغا ماڭدىم . مەكتەپ شۇ پىتى تۇرۇپتۇ ، ياتاق بىنالىرىمۇ جايىدا ، مەن نەرسە ـ كىرەكلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپلا ، ئۈچىرغان ساۋاقدا شلاردىن ئىپارنىڭ كەلگەن كەلمىگەنلىكىنى سوراپ يۈردۈم . مۇ شۇنداق سوراپ يۈرۈپ ئاغنەم ئەرپات يەنە بىر نەچچە ساۋاقداشلارنىڭ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ يىنىغا باردىم . قىزغىن كۆرۈشۈشلەردىن كىيىن ، ئەرپات

ـ ھە ، نىمە دىمەكچى بولغىنىڭنى بىلمەن ، ئەنە قارا ،ئۆزىمۇ كەلدى ،

ئۇ ماڭا مەكتەپ ئىچىدىن چىقىۋاتقان ئىپارنى كۆرسەتتى ، يۈرىكىم يەنە گۈپەلدە شكە با شلىدى ، بىر خو شال بولسام بىر ئەندىشەم بار ئىدى ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭ قولىغا قاراتتىم ، قوشماق مىغىز ، قوشماق مىغىز ........ ئۇنىڭ يانچۇقىدىن بىرەر نەرسە ئىلىپلا ماڭا تۇتقۇزىشىنى شۇنداق ئارزۇ قىلاتتىم .ئەمما ئىپار بىز بىلەن ئاددىيلا سالاملاشتى ، كىتىپ بارىمىز ، كۆزۈم ئىختىيارسىز ئىپارغا باقاتتى . ئەمما ئۇ پەرۋاسىز كىتىپ باراتتى ، بۇ بىر نەچچەيلەن تاماقلىنىپ قايتىدىغان ۋاقتتا ئەرپات ، باشقىلارنى ئىلىپ

ـ ئازىراق ئىشىمىز بار ، سىلەر قايتىۋېرىڭلا ، دەپلا ئىپار ئىككىمىزنى يالغۇز قالدۇرۇپ قويدى ، ھەم ئىپارغا بىلىندۇرمەي ماڭا كۆزىنى قىسىپ قويدى .

مانا كىتىپ بارىمىز ، يا مەن گەپ قىلمىدىم ، يا ئىپار ، بىز خۇددى ناتونۇش كىشىلەردەك ماڭماقتىمىز ، مەكتەپ قورۇسغا كەلگەندە مەن بۇجىمجىتلىقنى بۇزدۇم .

ـ مەن دىگەن ئامانەتنى ئىلىپ كەلدىڭىزمۇ؟ ، ئىپار ماڭا ئارتۇقچە گەپ قىلماي ئاشۇ تۇگۈنچەكنى تۇتقۇزغان چاغدا قانچىلىك خوشال بولغىنىمنى ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن . ئىغىز ـ ئىغىزىمغا تەگمەي سۆزلەپ كەتكىنىم ئىسىمدە. ئەنە شۇ كۈندىن با شلاپ ئىپار بىلەن سۆيگۈ ئاتلىق بۇ مۇقەددەس نامغا قەدەم با ستۇق. قىسقىسى مۇھەببەت بىغىغا يىڭى بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇق قېتىلدى .

بىزنىڭ مۇھەببەتلىششىش ئۇسۇلىمىز باشقىلارغا قەتتىيلا ئوخشىمايتتى . سىنىپتا ساۋاقداشتەك ئۆتەتتۇق ، كىچە ـ كىچە تىلفۇنلىشىپ پاراڭلىشىدىغان ئىشلارمۇ يوق ئىدى ، بەزى دەم ئىلىش كۈنلىرى ئۇيەر بۇيەرنى پىقراپ

يۈرگىنىمىزنى بىرەرسـى كۆرۈپ قالمىسـىلا بىزنى ھىچكىم بۇ ئىككىسـى ئارلىشـىۋاتىدۇ ، دەپ ئويلىمايتتى ، ( سىنىپتىكىلەردىن باشقا) . ساۋاقداشلىرىمىزمۇ بىزنى «زاڭلىق» قىلىپ« نەمۇنچى ئاشىق ـ مەشۇقلار» دەپ قويىشـاتتى ، ئەمما ھەر ئىككىلىمىز خوشـال ئىدۇق ، ئاتۇقچە پۇل بۇزۇش ،ۋاقىت ئىسـراپ قىلىش دىگەندەك ئىشـلاردىن خالى ئىدۇق . مىنۇت ـ سـكۇنىت بىللە يۈرمىگەچكە ئارىمىزدا ئازارلىشـىش ئىشـلىرىمۇ يۇق ئىدى . مۇ شۇ تەرىقىدە كۈنلەر ئۆتىۋەردى ، يىڭى مەۋسۇم ، يەنە تەتىل ،يەنە يىڭى مەۋسۇم شۇنداق ئايلار يىللارنى قوغلاپ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە 4 ـ 3يىل ئۆتۈپ كەتتى . ئە مدىلىكتە سـىنىپتا ئەپار ئىككىمىزنى « يات مۇھەببەتلەر» دەپ ئاتايدىغانلار بىزگە قايىل بولۇشـقا باشـلىغان ئىدى ، چۈنكى بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز سـاپ ھەم پاك ئىدى ، بىز تەننى ئەمەس روھنى سۆيۈپ كەلگەن ئىدۇق. بىز كەلگۈسىگە ئۇل سىلىۋاتقان ئىدۇق .

شەنبە كەچ ،تالادا يامغۇر يىغىۋاتاتتى . ياتاقنىڭ توكلىرى ئالللىقاچان ئۆچۈپ بولغان ئىدى. بىر چاغدا تىلفۇن سايرىدى . كەچ بولغاندا چوقۇم بىرەرسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇرغان تىلفۇن بولسا كېرەك دەپ تىلفۇننى ئالدىم

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكوم ،

ـ ھەي ، مەن ئىپار ، ئۇنىڭ ئاۋازى مەيۈس چىقىۋاتاتتى .

ـ ھە ، ھەجەپ كەچ بولغاندا تىلفۇن قىلىپ قاپسەن .

ـ مەن سـىرتتا ، دوسـتومنىڭ كىچىك ئاپىسـىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تاماق يەپ كەلگەن ئىدۇق، ياتاق بىناسـى تاقىلىپ بولۇپتۇ ، ئەمدى قانداق قىلىمەن،

ـ نىمە دەيدىغانسەن ، يېنىڭدا كىم بار ؟ تىلفۇننى بىرە .

ـ ۋەي ، ئارمان ، مەن ئادىلە . ئەمدى قانداق قىلىمىز ، قوقىۋاتىمىز ، ئەمدى راستلا ئىشەنگەن ئىدىم ،

ـ دەرۋازا ئالدىدا دالدىراق بىر جايدا تۇرۇپ تۇرۇڭلار ، شۇنداق دەپلا تىلفۇننى قويۇپ كىيىملىرىمنى كىيگەچ ، ئەرپاتنى ئويغاتتىم ،

ـ قوپە ئاداش ، ئىپار بىلەن ئادىلە تالادا قاپتۇ ، ئۇ ئەندىكىپ تۇرۇپ كىيىم كىيىشكە باشلىدى .

بىز 3 ـ قەۋەتتىن 2 ـ قەۋەتكە چۈشۈپ شۇ يەردىن پەسكە سەكرەپ چۈشمەكچى بولدۇق ، ئاۋال كىم سەكرەيدۇ ، مەن سەكرەيمەن دىيىشىپ تۇرساق، بىزنىڭ ياتاقتىكى بىرسىنىڭ ۋاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

ـ ئارمان ، ئەرپات يالغانكە ، ياتاققا كىرىڭلار . بۇ چاغدا مەن بىر پۈتۈمنى سـاڭگىلىتىپ بولغان ئىدىم . ئەگەر يەنە بىر مىنۇت كىيىن ۋاقىرغان بولسا پەسكە چۈشۈپ يامغۇردا نەلەردە يۈرەر بولغۇيتىم .

ياتاققا كىرىپ تۇرۇشۇمغا يەنە تېلفۇن كەلدى ، ئەسلى ، ئۇ ياتىقىدا تۇرۇپ،دېرىزىنى ئېچىپ ، قىزلار بىلەن دىيىشىۋېلىپ مىنى ئەخمەق قىلىپتىكەن . مەن يا ئاچچىقلىنىشىمنى يا كۈلۈشۈمنى بىلەلمەي قالدىم ، ئەمما ئىپارنىڭ تاتلىق گەپلىرى بىلەن كۈلۈپ تاشلىدىم .

مانا مۇشۇنداق قىززىقارلىق ئىشلار ، بىر ـ بىرىمىزگە مەنىلىك قاراپ بىقىشلا ، كۆيۈنىش ، ياردەم ...... بىزنى تىخمۇ چىڭ باغلىدى . ئەمما ۋاقىت بەك تېز ئۆتىۋاتاتتى. يەنە بىر ئايدىن كىيىن ئوقۇش پۈتتۈرىمىز ، مەن غۇلجىغا ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرتىغا كىتىدۇ . 4يىللىق مۇھەببەت بەلكىم..... ئۇنداق بولمايدۇ ، چۈنكى بىز توي قىلىش ئۈچۈن مۇھەببەتلەشكەن . كەلگۈسىدا ئائىلە قۇرىمىز، ئوماق باللىرىمىز بولىدۇ .، ، مانا مۇشۇنىڭدەك خىياللار مىنى ئەگىپ يۈردى ، بۈگۈن ئۇنى ئاتايىتەن چاقىرىپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق پاراڭلاشتىم . ئاشۇ ياغاچ ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە مەن ئىپارنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ :

ـ ئىپار ، مەن بىلەن مۇھەببەتلىشىپ بىرەر خولۇق كۆرمىدىڭ ، باشقىلاردەك سىنى دائىم خوشال قىلالمىدىم ، نۇرغۇن شەنبە ـ يەكشەنبىلەرنى يالغۇز ئۆتكۈزدۈڭ . باشقا ئاشىق ـ مەشۇقلار قولتۇقلىشىپ بازار ئايلانغان بولسا مەن ئىككىمىز مۇشۇ ياغاچ ئورۇندۇق ئۈستىدە كەلگۈسى ئۈچۈن پاراڭلاشتۇق . باشقىلار ئاپپاق ، جىنىم ، قوزام دەپ ئاتاشقان بولسا مەن ئۇنداق قىلالمىدىم . باشقا مەكتەپتىكى دوستلىرىمغا سىنىڭ بىلىگىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ

ـ بۇ قىز مىنىڭ مۇھەببىتىم بولىدۇ ، دەپ تونۇشتۇرمىدىم ،

يەنە سىنىڭ رەسىمىڭنى باشقىلاردەك تېلفۇن ، ئىشكاپ قاتارلىق جايلارغا چاپلاپ قويمۇدۇم . قىسقىسى ساڭا بىرەر قېتىم گۈل ئېلىپ بەرگىنىممۇ يوق ، ئالدىنقى يىلدىكى تۇغۇلغان كۈنىڭنى پەقەت تېلفۇن ئارقىلىقلا تەبرىكلەپ قويىدۇم ، ھەر قېتىم تەتىلنى تۈگىتىپ كەلگەن چىغىڭدا بىكەتكە چىقىپ يۈك ـ تاقلىرىڭنى كۆتۈرەلمىدىم . قىسقىسى ساڭا كۆڭۈل بىرەلمىدىم ،

تۇيۇقسىز مۆرەمگە بىر نەرسە تەگى ، باياتىن ياقى بىر نوقتىغا كۆزۈمنى تىكىپ سۆزلەۋاتاتتىم . ئاستا بېشىمنى كۆتۈردۈم . ئىپار مۆرەمگە بېشىنى قويۇپ يىغلاۋاتاتتى . قولۇمنى كەينىمگە ئېلىپ ئۇنى باغرىمغا باستىم . شۇ پەيتتە ئەگەر مەن ئوغۇل بالا بولمىغان بولسام چوقۇم كۆز يېشى قىلغان بولاتتىم . ئىپار ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ :

ـ ئارمان ، مەن رازى ، ماڭا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خوشاللىق يوق ، شۇنداق، بىز باشقا ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك مۇھەببەتلەشمىگەن بولساقمۇ ، باشقىلاردەك مۇھەببەت پەيزىنى سۈرمىگەن بولساقمۇ ، ئەمما باشقىلار ھىس قىلمىغان خوشاللىقلارنى ئىزدەپ تاپتۇق ، مۇھەببىتىمىز ئاددى ،ئەمما مەنىلىك ، مەن سەندىن رازى ، مۇھەببىتىمىزدىن رازى .

يېنىمدا ئولتۇرغان بۇ قىزدىن يەنە بىر قېتىم مەمنونلاندىم . مەسىلىگىم كىلىپ ئۇنىڭ ئويماقتەك ئېغىزلىرىغا ، ئەگمە قاشلىرىغا سەپ سالدىم . بۇلاقتەك كۆزلىرگە تىكىلدىم .

**نىگار :**

مۇھەببەت ئۇ بىر يېقىملىق مۇزىكا،تۇرمۇشىڭىزدا بۇنداق يېقىملىق مۇزىكا ياڭراپ تۇرۇدىكەن ھەر بىر مىنۇتىڭىز شۇ قەدەر جەلپكارلىققا تولغان بولۇدۇ.مۇھەببەت ئۇ بىر خۇشپۇراق گۈل،بۇ گۈلنى پۇرىسىڭىز پۇرىغۇڭىز كېلىپلا تۇرغان . . .مۇھەببەتنىڭ تەرىپى بەكمۇ كۆپ بىراق ھەممىنى تەرىپلەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس، ھايا جانلىق ھىس ـ تۇيغۇلىرىمنىڭ ھەممىسى ئارماننىڭ ماڭا ئاتا قىلغان ئوتلۇق سۆيگۈسىدىن كەلگەن،ئىككىمىزنىڭ مۇھەببەتكە تولغان كۈنلىرىمىز ،دەرىس ئوقۇش،كىتاپ كۆرۈش،بىر ـ بىرىمىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش بىلەن شۇنچىلىك مەنىلىك بولۇۋاتاتتىكىن بۇ كۈنلەرنىڭ قانداقلارچە ئۆتۈپ ئوقۇش ھاياتىمىزنىڭ قىسقىراپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلمەيلا قېلىۋاتاتتۇق.بىز گەرچە باشقا ـ قىز ـ يىگىتلەردەك ھە دىسە ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ ھەدىسە قولتۇقلىشىپ بازار ئايلىنىپ باشقىلارنىڭ كۆزىنى چاقنىتىپ يۈرمىگەن بولساقمۇ بىراق مۇھەببەتلىك كۈنلىرىمىز ئۆزگىچە خاس بولغان رەڭدارلىققا تولغان ئىدى.ئارمان يەنىلا شۇ بۇرۇنقىدەك شوخ،سۆزمەن ئارمان ئىدى،ئۇنىڭغا يەنىلا قىزلار شۇنداق ئامراق ئىدى،سىنىپىمىزدا بولغان ئولتۇرۇشلاردا ئۇ يەنىلا شۇ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتىپ يۈرەكنىڭ تارىلىرىنى چېكەتتى.مەن يەنىلا شۇنداق كەمسۆز،خيالچان ئىپار ئىدىم.ئۇنىڭ مېنى جىلى قىلىشلىرىغا،ھەر خىل گەپلەرنى قىلىپ كۈلدۈرۈشكە تىرىششلىرىغا كۆنۈپ قالغان ئىدىم.ھەر بىر تەتىللەردە ئۆيگە قايتقان ۋاقتىلىرىمىزدا بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلىشقا كۆزىمىز قىيمايتتى،تەتىل كۈنلىرىمىز قانچىكى زارىقىش،سېغىنىشقا تولسىمۇ كۆرۈشكەن ۋاقتىلىرىمىزدا ئۇنىڭ كۈچلۈك ئىپادىسى بىر ـ بىرىمىزنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ پۈتكۈل ھىسلىرىمىزنى كۆزلىرىمىز ئارقىلىق بىر ـ بىرىمىزگە يەتكۈزەتتۇق،ئېغىزلىرىمىزدا سۈس كۈلكە،كۆزلىرىمىز سۆزلەيتتى،ئىھ،دۇنيادا كۆزنىڭ سۆزلىشىدەك يېقىملىق سۆز بولمىسا كېرەك،ئۇ كۈچلۈك ھىسسىيات چەشمىلىرىنىڭ جەملىنىمىسى . . .

كاللامدا ئانام ۋە ئۇگىنىشتىن باشقا «ئارمان»دىگەن بىر سۆيۈملۈك ئىسىملا بار ئىدى،مەن بۇ ئىسىمغا بۇ ئىسىمنىڭ ئىگىسىگە شۇ قەدەر ئاشىق بولغان ئىدىمكىن ئۇنى ئاددى تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.بىراق مەن يەنىلا شۇنداق نازۇك،تارتىنچاق ئىدىم،ئۇنى شۇ قەدەر سۆيۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا ئۈنلۈك قىلىپ « سىزنى سۆيىمەن»دىيەلمەيتتىم.ئۇ ئۆزىنىڭ شوخ تەبىئىتى بىلەن ماڭا شوخلۇق قىلىپ ھەر خىل ئىسىملارنى قويۇۋالغان ئىدى،مېنى شۇ قەدەر يېقىملىق قىلىپ «ئىپارخانىم»«مەلىكەم»«خانىشىم»دەپ چاقىراتتى .

دە سلەپتە ئىككىمىزنىڭ مۇھەببەتلە شكەنلىگىنى ھېچكىم بىلمىدى،پەقەت ئۇنىڭ ئاغىنىسى، سىردىشى ئەرپاتلا بىلگەن ئىدى،لېكىن ياتاقدىشىم زۇمرەت سىنىپتا بولسۇن،باشقا يەرلەردە بولسۇن ئوچۇقتىن ـ ئوچۇقلا كۆڭۈل ئىزھار قىلىشقا باشلىدى،مەن ئۇنىڭغا ئىشىنەتتىم،ھەمدە قانداق قىلىشنى ئۇنىڭ ئۆزىگە قويغان ئىدىم.شۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم زۇمرەتنىڭ سۈركىشىشىگە رەددىيە بېرىپ مەن بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىگىنى ئېيتىپتۇ،بۇنىڭدىن زۇمرەتلا ئەمەس سىنىپىمىزدىكى كۆپلىگەن ساۋاقداشلىرىمىز چۆچۈپ كېتىشتى،ھەسەت،رەشىك قاپلىغان چىرايلار ھەرخىل ھەر ياڭزا گەپلەرنى قىلىشىپ بېقىشتى،يەنى مەن بەك جىمغۇر ئۇ بەكلا شوخ پەقەتلا ماس كەلمەيتتۇق.دوستانە چىرايلار بولسا ئەسلىدىنلا شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى،ئارمانغا پەقەت ئىپارلا ماس

كېلىدۇ دىيىشتى،زۇمرەت سىنىپتا بولسۇن،ياتاقتا بولسۇن مېنى گەپتە چېقىپلا يۈردى،لېكىن ھەر قېتىم دىلىم ئازار يىگەندە ئارماننىڭ «ئىپارىم،بۇنداق ئىشلار بولمىغان مۇھەببەت قانداقمۇ مۇھەببەت بولسۇن،بۇ دىگەن تەبىئى ئەھۋال،كىم سىزنى مەندەك كېلىشكەن يىگىتنى تېپىۋالسۇن دەپتۇ »دەپ ھەييارلىق قىلغان ھەمدە سەممى ھالدا«مەن كۆكۈيۈندەك زۇمرەتنى ئەمەس،نازۇك،جەلپكار ئىپارنى ياخشى كۆرىمەن،مېنىڭ شۇ قەدەر ئوتلۇق مۇھەببىتىم سىزنى قوغداپ تۇرۇۋاتسا سىزگە نىمە زەخمەت يىتەتتى؟»دىگەن گەپلىرى كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇراتتى،تۇرۇپ زۇمرەتكىمۇ ئىچىم ئاغرىپ قالاتتى،«ئەگەر ئارمان مېنى ياخشى كۆرمەي زۇمرەتنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسىچۇ؟»بۇ خىيالنىڭ ئاخىرىنى قىلىشقا پېتىنالمايتتىم،چۈنكى ئارمان مېنىڭ ھاياتىمنىڭ بىر قىسىمغا ئايلانغان ئىدى،ئۇنىڭ شوخلۇق قىلىشلىرى،ئەتتەي مېنى جىلى قىلىشلىرى،خاپا بولۇپ دومسىيىپ تۇرۇۋالسام قىزىقارلىق گەپلەرنى قىلىپ مېنى كۈلدۈرۈۋېتىشلىرى ھەممىلا،ھەممىلا ئىشلىرى شۇ قەدەر سۆيۈملۈك ئىدى . . .

ھەر قېتىم تەتىلدە ئۆيگە قايتقىنىمدا ئانام مەندىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى سېزىپ قالغاندەك قىلىپ مەندىن گەپ كوچىلاپ سورايتتى،بىراق مەن ئانامنى ئورۇنسىز ئەندىشىگە سېلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ بۇ ئىشنى ئېيتمىغان ئىدىم،ھەر قېتىم ئۆيگە قايتىپ ئانام بىلەن پاراڭلىشىپ مۇڭداشقان ۋاقىتلىرىمدا ئارمان ئىككىمىزنى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن غۇۋا بىر تەغدىر كۈلەڭگۈسى ئىچىدە تېنەپ قالىدىغاندەك ھىس قىلىپ يۈرىكىم مۇزلاپ كېتەتتى،يەنە تېزلا ئۆزۈمگە قايتىپ ئىچىمدە ئاللاغا مىڭ زىكرى قىلاتتىم،ئارمان ئىككىمىزنىڭ ھازىرقىدەك تاتلىق،مەڭگۈ بىللە بولۇشىمىزنى تىلەيتتىم،قىسقىسى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش مەن ئۈچۈن ھاياتتىن ۋاز كېچىش بىلەن ئوخشاش بولۇپ تۇيۇلاتتى.ئارمانغا ئىشىنەتتىم،گەرچە ئۇ غۇلجىدىن مەن قەشقەرنىڭ بىر ناھىيەسىدىن بولسامۇ بىراق ئۇنىڭ «بۇ ئىشلاردىن غەم قىلمىساڭچۇ،مەن دىگەن ئوغۇل بالا ئىشقىلىپ ئامالىنى قىلىمەن»دىيىشلىرىگە ئىشىنەتتىم .

مەن ئوقۇشقا ماڭغان يىلىم ۋە كېيىنكى يىلىمدا ئوقۇش پۇلۇم ئۈچۈن ئانام قولىمىزدىكى ئاخىرقى ماللارنى سېتىۋەتكەن ئىدى،شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ تىككۈچىلىك ھۈنىرىمنى قىلىۋاتىمەن،مەھەللىدىكىلەر ھەممىسى ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ كىيىملەرنى تىككۈزۈۋاتىدۇ دەپ ئاز- ئازدىن پۇل ئەۋەتىپ تۇردى،ھەم ئۆزۈممۇ ئوقۇش مۇكاپاتى ئالغان پۇللىرىمنى بىر تىيىننىمۇ نىرى- بىرى قىلماي تېجەپ ئىشلىتىپ كەلگەن ئىدىم.ئەمما كېيىنكى يىللارنىڭ ئوقۇش پۇللىرىنى ئانامنىڭ قانداق تاپقانلىغىنى شۇنداق ئىنچىكىلەپ سورىساممۇ ئۇ «داداڭنىڭ يىغىپ قويغىنى»دەپ پەقەتلا دىيىشكە ئۈنىمىغان ئىدى.دادامنىڭ يىغىپ قويغانلىرى ئاللىبۇرۇن تۈگىگەنلىگى ئېنىق تۇرسا . يەنە شۇنداقتىمۇ ئانامنىڭ نىمىندۇر دىيىشتىن قىسىلىپ ماڭا ئۈچۈق دىمەسلىكى ماڭا بىر سىر بولۇپ قېلىۋەردى.ئىشقىلىپ ئوقۇش ھاياتىمدا ئاددى- ساددا ئۆتكەن بولسامۇ قىيىنچىلىق تارتىپ يىغلاپ قالمىدىم،ئۇنىڭ ئۈستىگە يېنىمدا ئارماندەك بىر يۆلەنچۈكۈم بار،كۈنلىرىم شۇنداق مەنىلىك گۈزەل ئىدى،شەنبە.يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇنىڭ بىلەن قىرائەتخانىغا بىرىپ كىتاپ ئوقۇيتتىم،كىتاپقا شۇنچىلىك مەستانە ئىدىمكىن بەزى ۋاقىتلاردا ئارمان «مېنىمۇ ئاشۇ كىتاپنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرگىن جۇمۇ»دەپ بۇتناپمۇ قالاتتى . . .

ئابتۇبۇس بىر خىلدا ئىلگىرلىمەكتە.يېرىم كېچە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرىمنىڭ تاتلىق كۆيلىرى مېنى ھايا جانلاندۇرۇپ كۆزلىرىمدىن تامام ئۇيقۇ قاچقان ئىدى.ئۇنى ئەسلىگىنىمدە يۈرەكلىرىم تىپچەكلەپ،قانلار يۈزۈمگە تېپىپ چىقىپ خۇددى شۇ دەۋرگە قايتقاندەك،ئارمان ھېلىمۇ مېنى «مەلىكەم،ئىپارخان»دەۋاتقاندەك،ئۇنىڭ ئىسسىق نەپەسلىرى يۈزلىرىمگە ،قۇلاقلىرىمغا ئۇرۇلۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ شۇ قەدەر شېرىن تۇيغۇنىڭ ئەسىرىگە ئايلانغان ئىدىم . . .

ياشلىق نەقەدەر گۈزەل ۋاقىت ھە؟؟

شۇنداق تاتلىق كۈنلەرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ مۇھەببەت،تاتلىق كۈيلەر خاتىمەسى سۈپىتى بىلەن ئۇقۇش پۈتتۈرىدىغانغىمۇ مانا ئازلا ۋاقىت قالدى.ئۆز ۋاقتىدا ناگان ـ ناگاندا كاللامغا كەلسە سىلكىپ قوغلىۋېتىدىغان بۇ چوڭ سوئال بەلگىسى مانا ئەمدى ھەر ۋاقىت كۆز ئالدىمدا لەيلەپ تۇرىۋالىدىغان بولۇۋالدى،«ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ يۈرتقا قايتىش»دىگەن بۇ چىدىغۇسىز ھىجراندىن دېرەك بېرىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلىغۇچە قۇلاقلىرىم پاڭ،كۆزلىرىم كور بولۇپ قېلىشىنىمۇ تىلەپ قالاتتىم .

بىر كۈنى بىز دائىم بىللە ئولتۇرۇپ كەلگۈسىنىڭ تاتلىق ئويلىرىغا چۆمۈدىغان ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۇ ماڭا مېنىڭ ئۆزى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ ھېچقانداق خوۋلۇق كۆرمىگەنلىگىمنى،مېنى خوشال قىلغۇدەك ئىشلارنى قىلالمىغانلىقىنى ئېيتىپ مەندىن رازىمۇسەن دەپ سورىدى.شۇ چاغدىلا مەن ئۆزۈمنىڭ جىمغۇر مىجەزىم بىلەن ئۇنىڭغا قېنىپ تۇرۇپ كۆڭۈل سىرلىرمنى ئېيتىپ باقمىغانلىقىمنى،ئۇنى شۇ قەدەر،شۇ قەدەر سۆيىدىغانلىقىمنى ئاشكارىلاپ باقمىغانلىقىمنى ،ئۇنىڭ مۇھەببەتلىك تەلەپلىرىگە تارتىنچاقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنلىگىمنى ئويلاپ قالدىم دەرۋەقە مەن ئۇنى سۆيەتتىم بىراق مەن ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ «سېنى سۆيىمەن»دەپ باقمىدىم. دەرۋەقە مەن ئۇنىڭدىن ،ئۇنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىدىن رازى ئىدىم،لېكىن مەن ئۇنىڭغا مۇھەببەتلەرگە خاس ئۇسۇللار بىلەن مەن رازى دەپ كۆڭۈل سۆزلىرىمنى ئېيتىپ باقمىغان ئىدىم.ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ مېنى شۇنداق بىر يىغا تۇتتى،بېشىمنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويدۇم .

_ئارمان مەن رازى،ماڭا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خوشاللىق يوق،شۇنداق،بىز باشقا ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك مۇھەببەتلە شىمگەن بولساقمۇ،باشقىلاردەك مۇھەببەتنىڭلا پەيزىنى سۈرۈپ ئۆتمىگەن بولساقمۇ،ئەمما باشقىلار ھېس قىلمىغان خوشاللىقلارنى ئىزدەپ تاپتۇق.مۇھەببىتىمىز ئاددى ئەمما مەنىلىك،مەن سەندىن رازى،مۇھەببىتىمىزدىن رازى، ، ، ،

ئۇ ئىڭكىمدىن تۇتۇپ مېنى ئۆزىگە قاراتتى،ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ نەمدەلگەن ئىدى،شۇ تاپتا بىر تۈپ سۆگەت تۈۋىدىكى بۇ ياغاچ ئورۇندۇق ئاي نۇرىدا بىزنىڭ شاھانە ئوردىمىز سۈپىتىدە بىزنىڭ ئوتلۇق سۆيگىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇۋاتاتتى. ئاتەش تىنىقلىرىمىز بىرلىشىپ مەن ئۇنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتتىم،ھاياجان،تىترەك،مەندىكى تارتىنىشنىڭ غەلىيانى سۈپىتىدە ئۇنىڭ باغرىدا جىمىرلايتتى . . . . . . . . .

ئوقۇشقا يېڭى كەلگەن ۋاقىتلىرىمىزدا بىر-بىرىمىزدىن ياتسىرىشىپ يۈرىدىكەنمىز، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر-بىرىمىزگە مېھرىمىز چۈشۈپ مەكتەپ پۈتتۈرۈشكە قىيماي، بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلىشقا چىدىماي يىغلاپ قالىدىكەنمىز، بىزمۇ شۇنداق بولدۇق ھەش-پەش دىگۈچە بەش يىللىق مەكتەپ ھاياتىمىز ئاخىرلاشتى، ھەممىمىز ئۆزىمىز كەلگەن يۇرۇتلىرىمىزغا قايتىش تەييارلىقلىرى بىلەن بىللە بىر-بىرىمىزگە تۈگمەس يۈرەك سۆزلىرىمىزنى ئىزھار قىلىشىپ كۆڭلەرنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدۇق، ئارمان مىنىڭ يۇرۇتتا بىر تاللا ئانام بارلىقىنى مىنىڭدىن باشقا ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم يوق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى تۇرمۇش ئىشىدا ئاتا-ئانىسىنى قايىل قىلىپ مەن بىلەن مىنىڭ يۇرتۇمغا كېتمەن دىگەن ئىدى، ئۆزىنىڭ ئۈچۈن بۇ گەپنى قىلىش قانچىلىك ئېغىر بولسىمۇ بىراق ئۇ مېنى چىن دىلىدىن سۆيگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق قارارغا كەلگەن ئىدى. بىراق ئۇ بۇ ئىشنى ئۆيدىكىلىرىگە دەپتىكەن ئاتا-ئانىسى قەتئى قوشۇلماپتۇ، ئانىسى يىغلاپ قاخشاپ ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ.

مەن قانچىكى غەم قىلسام ئۇ ماڭا شۇنچە تەسەللى بېرەتتى ئۆزىنى خوشال تۇتۇشقا ئۇرۇناتتى، ئامال قىلىدىغانلىقىنى مىنىڭ قەتئى غەم قىلماسلىقىمنى ئېيتاتتى، بىراق، ئۇمۇ ئائىلىسىدە ئۆينىڭ كىچىكى تۇرسا.. مۇمكىنمىدۇ؟؟؟

ئاخىرى ئىككىلىمىز ئۆز يۇرتىمىزغا قايتىدىغان ئۇ ئائىلىسىگە بارغاندىن كېيىن ئاتا-ئانىسىنى كۆندۈرىدىغان بولدى. ئاھ كۆزلىرىمدىن يامغۇردەك ياشلار تۆكۈلەتتى، مەن ئۇنىڭغا شۇنچىلىك كۆنۈپ قالغان ئىدىمكىن ئۇنىڭدىن بىر ئاي بىر يىل ئەمەس بىر كۈن، بىر مىنۇتمۇ ئايرىلىشقا قىيمايتتىم. ئەتە ماڭىمىز دىگەن كۈنى كەچتە بىز يەنە سۆيگۈمىز گۇۋاھچىسى بولغان ھېلىقى ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇردۇق، گەپ قىلىشقا رايىم يوق ئىدى ئىچ-ئىچىمدىن يىغا چىقىپ ئۆكسۈپ تۇراتتىم، ئۇمۇ شۇ قەدەر غەمكىن، كۈلۈشكىلا يارالغاندەك كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە ئۇھسىنىپ ئولتۇراتتى. مەن بارا-بارا ئىسەدەشكە باشلىدىم.

_ئىيپار، _ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا گەپ باشلىدى_بۇنداق قىلمىغىن بولامدۇ؟ بىز مەڭگۈلۈك ئايرىلمايمىزغۇ؟ بۇ ئايرىلىشىمىز پەقەت ۋاقىتلىققۇ؟ يىغلىمىغىن، سەن يىغلىساڭ يۈرەكلىرىم لەختە-لەختە بولۇپ كېتىدىكەن.. _ئۇنىڭ ئۈنى بوغۇلۇپ كەتتى، مەن گەپ قىلالماي ئۇنىڭ باغرىغا تاشلاندىمدە تېخىمۇ كۈچەپ يىغلاشقا باشلىدىم، ئۇ مېنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە ئۆزىمۇ ماڭا قوشۇلۇپ ئىسەدەشكە باشلىدى.

ئى مۇھەببەت، سېنىڭ سىرلىقلىقىڭ مانامۇ شۇ يەردە، بەزىدە ئادەمنى قاھ-قاھلىتىپ كۈلدۈرىسەن، بەزىدە مانا مۇشۇنداق ھىجران ئازابىدا كۆزلەردىن يۇم-يۇم ياش تۆككۈزىسەن.

ھېلىلا يورۇق نۇرلىرى بىلەن ئاۋالقىدەك بۇ ئىككى ياشنىڭ ئوت سۆيگۈسىدىن ھوزۇر ئېلىشنى ئويلىغان تولۇنئايمۇ بۇ پىغانلىق كۆرۈنۈشكە تاقەت قىلالمىدى بولغاي ئاستا بۇلۇتلار كەينىگە ئۆزىنى ئالدى.......

ئاپتوبۇس بىر خىلدا ئىلگىرلىمەكتە، خىياللىرىم قويىندا يىغلاۋاتقان «مەن»ئۆكسۈشلىرىمنىڭ سىرىتقا چىقىپ ئاپتوبۇس ئىچىدىكى سەپەرداشلىرىمنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن لەۋلىرىمنى مەھكەم چىشلەپ ئىز

چىقىرىۋەتتىم.خىيال قۇشــــلىرىم يەنىلا ئاشـــۇ تاتلىق ـ ئاچچىق ئەســــلىمىلەر قويىنىدا ئۇچۇپ يۈرمەكتە مېنى كۈلدۈرۈپ ئەمدى مانا يىغلاتماقتا ئىدى .

ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يۇرتقا قايتىپ كەلگىنىمىزگىمۇ ھەش ـ پەش دىگۈچە بىر ئاي بولۇپ قالدى.ئۈنىڭدىن كۈندە تېلىفۇن كېلىپ تۇراتتى،تېلىفۇندا ئەھۋال ســورىشــىپ ســېغىنىشــلىق ســاالاملىرىمىزنى يوللايتتۇق تېلىفۇننى قويۇۋەتكەندىن كېيىن بولســـا ياســـتۇقنى قۇچاقلاپ ھىجرانلىق ياش تۆكەتتىم،ئۇ گەرچە مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ تاتلىق گەپلەرنى قىلىپ ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرسىمۇ بىراق مېنى قورقۇنۇچلۇق بىر شۇم تەغدىر كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئۈنىڭدىن ھامان ئايرىلىپ قالىدىغاندەك بىر ســـېزىم قىينايتتى ،غۇۋا كۆلەڭگۇ بولۇپ كۆز ئالدىمنى تۇمانلاشــتۇراتتى.شــۇ كۈنلەردە ئانامنىڭ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ســاقلىقى يوق بولۇدىغان بولۇپ قالدى.بىر قېتىم خىزمەت ئىشىمنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىشقا بېرىپ قايتىپ كەلگىنىمدە ئانام چايخانىدىكى سۇپىدا ھوشسىز يېتىپ قاپتۇ.«ئا نا»ئۇچ قا ندەك كېلىپ ئۈنى يۆلىدىم،قورقۇپ كېتىپ جېنىمنىڭ بارىچە توۋلاشــــ قا باشلىدىم،خوشنىمىز مەرەمنىسا ئاچام يۈگۈرەپ كىرىپ كەلدىدە يولدىشى بىلەن بىللە ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردۇق.كۈتۈش ئۆيىدە تىت ـ تىت بولغان ھالســــدا دوختۇرنى ســـاقلاپ ئولتۇردۇم.دوختۇر چىققاندىن كېيىن يۈگۈرەپ بېرىپ ئۈنىڭدىن سورىدىم؛

_دوختۇر،ئانامنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

_سىز قىزى بولامسىز؟

_ھەئە

_ئانىڭىز ئېغىر دەرىجىدىكى بۆرەك زەئىپلىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بوپتۇ،ئۈنى تېزدىن شەھەرلىك دوختۇرخانىغا يۆتكىمىسەڭلار بولمايدۇ.مەن قەغەز قىلىپ بېرەي قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى .

_نىمە؟_بېشىم «پىررىدە»قېيىپ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.نىمە ئۇچۇن؟نىمە ئۇچۇن شۇنداق بولۇدۇ؟

ئانامنىڭ قېشىغا كىردىم،ئۇ ھالسىز كۆزلىرىنى ئېچىپ ياتاتتى .

_دوختۇر نىمە دەيدۇ قىزىم؟

_ھىچنىمە،چارچاپ قاپتۇ ئوبدانراق ئارام ئالسۇن دەيدۇ .

مەن كۆز ياشلىرىمنى ئانامنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ياتاقتىن يېنىپ چىقتىم،پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتســام بىزگە شــېرەم تۇققان كېلىدىغان،ناھىيەلىك كادىرلار ئىدارىســـدا ئىشــلەيدىغان ماخمۇتجان ئاكا ئۇچراپ قالدى،ئۇ مەندىن 5 ياش چوڭ بولۇپ ئايالى بىلەن پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنلىك ســــەۋەبى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن ئىدى،ئالدىنقى بىر نەچچە قېتىم تەتىللەردە كەلگىنىمدە ئۇ جىق سوغا سالام بىلەن ئانامنى

يوقلاپ كەلگەن. ئانام ئۆزىنىڭ ھالىدىن كۆپ خەۋەر ئالغانلىقىنى كۆپ ئىشـــلاردا ياردەم قىلغانلىقىنى ئېيتىپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتكەن ئىدى،

_ئىپار ئۆيۈڭلارغا بارسام خوشنىلار شۇنداق دىدى،چوڭ ئاپامنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

مەن گەپ قىلالماي «پاڭگىدە»يىغلاپ تاشلىدىم_دە ئۇنىڭغا دوختۇرنىڭ دىگىنىنى ئېيتتىم .

_بولدى يىغلىماڭ!دەرھال ئاپىرايلى دوختۇرغا . .

_بىراق . .

_پۇلدىن غەم قىلمۇاتامسىز؟قانداق گەپ بۇ مەن تۇرسام،بولدى غەم قىلماڭ !

شۇنداق قىلىپ ئانامنى دوختۇرخانىغا يۆتكەپ بىر ئايدىن ئوشۇق ياتقۇزدۇق .ئازراق ئەھۋالى ياخشىلانغاندىن كېيىن ياندۇرۇپ ئاچىقتۇق،پۈتۈن چىقىملارنى ماخمۇتجان ئاكا ئۆز ئۈســـتىگە ئالدى،يەنە تېخى كۆن ئارىلاپ دىگۇدەك شەھەرگە كىرىپ ئانامنى يوقلاپ تۇردى.مەن ئۇنىڭدىن شۇنداق تەسىرلەندىم ھەم خىزمەتكە چىقسام بىرىنجى بولۇپ مۇئاشــم بىلەن بولســمۇ ئۇنىڭ پۇلنى قايتۇرۇشــنى كۆڭلۈمگە پۈكتۇم.دوختۇرخانىدا ياتقان ۋاقىتلاردا ئارمان بىلەن ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى،ئۇنى شۇنداق سېغىنغان ئىدىم.ئۆيگە كېلىپلا ئۇنىڭغا تېلىفۇن قىلدىم،ئۇ ئانامنىڭ ئەھۋالىغا ھىســـــداشـــلىق قىلدى،بىراق ماخمۇتجان ئاكىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ شـــۇنداق كوچىلاپ سۇرۇ شتۇرۇپ كەتتى،ھەمدە مېنى دىققەت قىلە شقا تاپىلىدى،قىززىق،ئۇ دىگەن ئاكام سۇپەت ئادەم تۇرســـا مۇشـــۇ ئارمانمۇ زە،يىراق بولغاندىن كېيىن كۆڭۈلدىن ھەر خىل گەپلەر كەچمەيدۇ دىگىلى بولمايدۇ ئەلۋەتتە . .

ئىشكتىن كىرىۋىتىپ ماخمۇتجان ئاكا بىلەن ئانامنى قىلىشۋاتقان گېپى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى .

_ماخمۇتجان بالام، سىزنىڭ ئۆتكەنىدە دىگەن گەپلىرىڭىزنى ئىپارغا دىگۇدەك بولمىدىم،قارى سام بۇ قىز ئوقۇ شتا بىر سى بىلەن ئارىلا شقاندەك تۇرۇدۇ،كۆنىدە دىگۇدەك تېلىفۇننىڭ قې شىدىن كېلەلمەيدۇ،مەن بول سام ئاغرىقچان بۇ يالغۇز قىزىمنى يىراق يات يەرلەرگە بېرىشــكە مېنىڭ كۆزۈم قىيمايدۇ،ســزنىڭ دىگىنىڭىزمۇ ئورۇنلۇق،ســز ئۆزىڭىز ئاۋال ئېغىز ئېچىڭ،خىزمەت ئىشــنىڭ ھەل بولۇشـــدا ســـزنىڭ قول تىققىنىڭىزنى بىلســۈن.مەنمۇ نەسىھەت قىلمەن،بۇ بالامزە دادىسىدىن كىچىك قېلىپ تولىمۇ نازۈك كەمسۆز چوڭ بولدى،باشقىلارنىڭ قولىدا خارلىنىپ قالامدىكىن دەيمەن،سىزگە بەرسەمغۇ خاتىرجەم كۆزۈم يۇمۇلاتتى مېنىڭ،

_ئانا خاتىرجەم بولۇڭ، ئىپارنىڭمۇ ئاســتا ـ ئاســتا كاللىســـدىن ئۆتىۇدۇ،شـــۇ مەنمۇ بولســـا تېزراق تويىمىزنى قىلساقكەن دەيمەن .

جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم،ئاھ،بۇ قانداق گەپ، ، ،

كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا چىقىپ كەتتىم،ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى باققا كىرىپ ھارغۇچە يىغلىدىم،مۇمكىن ئەمەس،مېنىڭ ئارماندىن باشقا ئادەم بىلەن توي قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس.ياق،ياق،،،،

تېخى بايىلا ئارمانغا خىزمەت ئىشىمنى زور خوشخەۋەر سۈپىتىدە ئېيتىپ بەرگەن ئىدىم،ئەسلى خىزمىتىمنىڭ بۇنداق تېز پۈتۈشى ماخمۇتجان ئاكىنىڭ قول تىقىشى بىلەن بولغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟؟

ياق،نىملا بولسۇن مەن بۇنى قوبۇل قىلالمايمەن،ئانامغا ئېيتاي،ئۇ مېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغۇ،قاراپ تۇرۇپ قىزىنىڭ تۇنجى غۇبارسىز سۆيگۈسىنىڭ توزۇپ كېتىشىگە يول قويماس ...

يىغلاپ ـ قاخشاپ ئانامغا چۇ شەندۈرۈ شلەر،يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇ شلار ھەممە سى بىكار بولدى،بىچارە ئانامۇ ماڭا ئوخشاشلا تۆكۈلۈپ،يىغلاپ تۇراتتى،ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئانامنىڭ ماخمۇتجاننىڭ ئالدىدا تىلى قىسقامىش،مېنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى ئوقۇش راسخوتۇمنىمۇ ماخمۇتجان بەرگەن ئىمىش ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ بۇ قېتىمقى دوختۇرخانىدا يېتىش راسخوتىمۇ بار ئىكەن ....

قايسى تىلىم بىلەن ئېيتاي،قايسى كۆزلىرىم بىلەن كۆرەي.قايسى قۇلاقلىرىم بىلەن ئاڭلاي ....

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئارماندىن بىر خەت تاپشۇرۇۋالدىم .

»قەدىرلىگىم ئېپار،(مېنىڭ سۆيۈملۈك مەلىكەم،خانىشىم)ئەزىز تېنىڭ ئاماندۇ؟قەدىردان ئانىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق،ئۇلۇغ ئاللادىن ئەزىز ئانىمىزنىڭ تېنىگە سالامەتلىك،ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن .

ئېپارىم،مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئەزىز دىلكەشىم، شۇ تاپتا سېنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ ھەر ۋاقىت كۆز ئالدىمدا پەقەت سەن،پەقەتلا سەن، سېنىڭ يېقىملىق كۈلۈ شلىرىڭنى،قايرىما كىرپىكلىك سېھىرلىك كۆزلىرىڭنى،شۇنچە قىزىق گەپ قىلىپ بەرسەممۇ ئاۋاز چىقىرىپ كۈلۈشكە پېششىقلىق قىلىدىغان ئويماق ئېغىزلىرىڭنى شۇنچىلىك سېغىندىمكىن بۇنى ئاددى تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس.سەن مېنىڭ پۈتكۈل تومۇرلاردىكى قان ـ قانلىرىمغا سىڭىپ كېتىپسەنكىن سېنى بىر مىنۇت خىيالىمدىن قوغلاش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، سەنمۇ مېنى سېغىندىڭمۇ؟ھەي پىششىق،مۇشۇنداق دىسەم ئېھتىمال چىرايلىق لەۋلىرىڭنى پۈرۈشتۈرۈپ بېشىڭنى چايقاپ قويۇپ پەرۋاسىز ئولتۇرارسەنمۇ دەيمەن.شۇنداق قىلىپ باققىنە قېنى (مەن مەردان سېنى ئوردىدىن ئېلىپ قاچمايمەن!)

ئېپارىم،سېنىڭ يېقىملىق پۇراقلىرىڭغا تەشنا ئارمانىڭ سەن بىلەن تېلىفوندا سۆزلىشىشكە قانائەت قىلماي،پۈتكۈل قەلبىنى خەت ئارقىلىق تۆكۈپ ئىچ ـ ئىچىگە سىغماي قېلىۋاتقان يۈرەك تىۋىشلىرىنى قۇلاقلىرىڭغا پىچىرلاۋاتىدۇ،بىلەمسەن گۈلۈم،ماڭا سەنسىز بۇ دۇنيا مۇمكىن بولمايدىكەن،سېنىڭدىن ئايرىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يىگەن تاماقلىرىممۇ تېتىماي ئورۇقلاپ كەتتىم،(بارغاندا قوچاقلىساڭ بىلىسەن ھا ھا ھا)

ئۆزەڭمۇ بىلىسەن،مەن ئۆينىڭ كىچىكى بولغاچقا ئاپام ماڭا چىدىمايدۇ،شۇڭا دەماللىق سېنىڭ يۇرتۇڭغا بېرىشىمغا قوشۇلمايۋاتىدۇ،قايسى كۈنى مەن بىلەن بىر نەۋرە تۇققىنىمىزنىڭ قىزىنى سايە قىلىپ گەپ

قىلىۋاتىدۇ، بىچارە ئاپام ئېھتىمال ، شۇ قىزلارنى كۆرسە سەندەك «قەشقەرلىك»نىڭ ئوتنى بىر سىستى مۇمكىن دەپ ئويلىغان چېغى، بىراق مۇمكىنمۇ؟جېنىم، مېنىڭ ھاياتىم سەن بىلەن چەمبەر- چەس باغلانغان، مەن سەنسىز، سەن بولمىغان بۇ دۇنيادا قانداقمۇ ئارمان بولۇپ ياشىيالايمەن؟

يېقىندىن بېرى، تېلېفۇندىكى ئەھۋالىڭ بەكمۇ بوش، سەۋەبىنى سورىسام يەنىلا«ھېچنىمە»دەپ تۇرۇۋالىسەن. قايسى كۈنى بىر چۈش كۆرۈپ قاپتىمەن، ئىككىمىز شۇنداق چىرايلىق بىر يايلاقتا سەيلە قىلىپ يۈرگىدەكمىز ، بىر ۋاقىتتا قانداق بولدىكىن سەن بىر چۆجگە مەن لاچىنغا ئايلىنىپ قاپتىمەن، سېنى ھىمايە قىلىپ يۈرگىدەكمەن، تۇۋا مەن قۇشقا ئايلىنىپمۇ ساڭا زىيان يەتكۈزمەي ئىخلاسىم بىلەن ئەتراپىڭنى قوغداپ يۈرۈپتىمەن، شۇ چاغ قانداق بولدى بىر بوران چىقىپ بىر بۇركۈت سېنى قامالاپ ئېلىپ كېتىپ بارغۇدەك، مەن ياق، ياق، ئىپار دىگىنىمچە ئۇيغىنىپ كەتتىم قارىسام چىلىق- چىلىق سۇنىڭ ئىچىدە قاپتىمەن، مومامنىڭ ئۆگىتىپ قويغىنى بويىچە ھېچكىمگە دىمەي سول تەرىپىمگە ئۈچنى تۈكۈرۈپ ئامانلىقىڭنى تىلىدىم .

ئىپار، كۈنلەر ئۆتكەنسىرى چوڭلار بىزنى چۈشىنىدۇ، خاتىرجەم بولغىن مەن چوقۇم شۇنداق قىلالايمەن، پەقەت بىر مەزگىل جاپا تارتىدىغان بولدۇڭ، سېنى يالغۇز قويىدىغان بولدۇم، ھازىر ئاپامغا بۇ گەپنى قىلسام ئاغرىپ يېتىپ قالىدۇ، لېكىن ئىشىنىمەن، ئاپام شۇنداق بىر سۆيۈملۈك ئايىكىن كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ساڭا ئۆز قولى بىلەن توي ياغلىقى ياپىدۇ. بۈنىڭغا ئە شەنچىم كامىل ، سەنمۇ ئە شەنگىن قانداقلا بولمىسۇن بەردەم بولغىن ئارمانىڭ يىراقتا بولسىمۇ ھەر مىنۇت- سېكۇنت سېنى ئەسلەپ تۇرۇۋاتىدۇ، سېنى چىن دىلىدىن سېغىنىپ ھەر ۋاقىت«ئىپار، مېنىڭ خۇشپۇراق گۈلۈم، سەن مېنىڭ، سەن مېنىڭ »دەپ زىكرى قىلىپ تۇرىدۇ. ماڭا ئىشەنگىن، بەل قويمايدىغىنىڭغا ئىشىنىمەن، ئارمانىڭنىڭ ئارمىنىنى يەردە قويمىغىن سۆيۈملۈك مەلىكەم، خەير سېنى يىراقتىن چىن يۈرىكى بىلەن، ئوتلۇق ھىسلىرى بىلەن سۆيۈپ .ئارمان «.

تىترەپ تۇرۇپ، كۆزلىرىمدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇپ چىقتىم، يېنىش- يېنىشلاپ ئۇنىڭ تونۇش پوچىركىلىرىنى سۆيدۈم، باغرىمغا باستىم، ئۇنىڭ ھىدى كېلىدىغاندەك ھىدلىدىم . . .

ئارمان، سېنى قانداقمۇ سېغىنماي تۇرالاي؟بىلسەڭ سەنسىز ئۆتكەن ھەر بىر كۈنۈمنى مىنۇت- سېكۇنتلاپ ساناپ ئۆتكۈزۈۋاتىمەن، ھىجران ئازابىدا لەختە بولغان يۈرىكىمدە كۈندە نەچچە رەت سېنىڭ نامىڭنى ئويۇپ تۇرۇمەن. تۈنجى بولۇپ يات جىنىستىن قوللىرىمنى تۇتقانمۇ سەن، تۈنجى بولۇپ لەۋلىرىمگە سۆيگۈ تامغىسى باسقانمۇ سەن، يۈرىكىمنى ئوستىلىق بىلەن ئوغرىلاپ يۈرىكىڭنى ماڭا قالدۇرغانمۇ سەن، جېنىم. . . . سەن مېنىڭ بارلىقىم . . .

مەن يىراقلارغا قاراپ ئۈنسىز پىچىرلىدىم. يۈرىكىم ھېلىلا تاپشۇرۇۋالغان ئارماننىڭ ئوتلۇق سۆيگۈ خېتى بىلەن تېپچەكلىسە يەنە قانداقتۇر نامەلۇم ۋەھىملىك شۇملۇقنىڭ بىشارىتى كېلىۋاتقان ئانام ئىككىمىزنىڭ قىلىشىۋاتقان سۆھبىتىمىزنىڭ داۋامىدىن سىرقىراپ ئاغرىپ تۇراتتى .

ئاشكار :

ئۇ كەتتى ، مېنىڭ ئىپارىم كەتتى ، بۇ قېتىم ئىپارنى بىكەتكىچە ئۇزىتىپ باردىم. يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسقا سېلىپ قويدۇم . پەقەت ئىپارنىلا ئەمەس ، سۆيگۈمنى ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنى ، مەيدەمدە توختىماي پىچەكلەپ تۇرغان يۈرىكىمنى سېلىپ قويدۇم. كەينىمگە قاراپ باقسام نۇرغۇن ئەسلىمىلەر ماڭا قول سۇنۇۋاتىدۇ ، ئالدىمغا قارىسام ما شىنىڭ ئا ستا قوزغىلىشى بىلەن ئىپارىم ماڭا قول پۇلاڭلىتىۋاتىدۇ ، مۇشۇ پەيتتە مېنىڭمۇ ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئىپار بىلەن كەتتىم كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن قول تۇتۇشۇپ مۇشۇ ئەخلاقلىق قىزنى باققان ئانىسىنىڭ قوللىرىغا سۆيگۈم كەلدى، ئىچىم ئاچچىق بولۇپ كوچا ئاپتوبۇسىمۇ چىقماي ئېغىر قەدەملىرى ئاران تاشلاپ سالپايغان هالدا ياتاققا قايتىپ كەلدىم . ياتاقتا ئەرپات يالغۇز ئولتۇرۇپتۇ . بىرپىلا جايىمدا سۇڭايلىنىپ ياتتىم . ياتاق ئىچىمۇ يالغۇزسىراپ قالغان ئىدى ، بىر نەچچە بالا تۇنۇگۈنلا يۇرتلىرىغا قايتىشقان بولۇپ مەن ، ئەرپات ، يەنە بۆرتالالىق بىر بالا قالغان ئىدۇق . خىيالىم يەنىلا ئىپاردا ئىدى ،

ـ ئارمان ، ئىپار كەتتىما؟ ، ئەرپاتنىڭ بۇگىپى بىلەن ئىسمىنى يىغدىم ،

ـ كەتتى ، ئاداش ، كەتتى ، ئەرپات ماڭا قانداق ئىلهام ، مەدەت بېرىشىنى بىلمەي قالدىمۇ ، گەپ قىلماي سۇخانىغا چىقىپ كەتتى، بىر هازادىن قايتىپ كىلىپ ،

ـ ئارمان ، ئەتە بىزمۇ ماڭايلى ، بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەڭ تىخىمۇ قىينىلىسەن ، بۈگۈن كەچتە بۇ ياتاقتا ئاخىرقى قېتىم يېتىۋالايلى ، تازا بىر مۇڭدىشىۋالايلى ، يۈرە تاماق يەپ كىرەيلى ، ئۇ شۇنداق دەپلا قولۇمدىن تارتىپ ماڭدى ،

يالغۇز ياتاقتا ئەرپات بىلەن يېرىم كېچىگىچە پاراڭلىشىپتىمەن ، يىڭى كەلگەن چاغلاردىكى باللارنىڭ يىتىرقاشلىرى ، جۇرئەتكە كىتاب ئېتىپ ئىپاردىن تىل ئاڭلىغىنىمنى ، يىڭى يىلدىكى تانسىنى ، يەنە ئىپارنى دەپ يامغۇردا 2 ـ قەۋەتتىن سەكرەپ چۈشكىلى تاس قالغىنىمىزنى ، ئىشقىلىپ بۇ 5يىللىق ئوقۇش هاياتىمىزدىكى ئەسلىيەلەيدىغان ئىشلارنى هەممىسىنى بىر قۇر تىلغا ئېلىپ چىقتۇق ، بىردە كۈلسەك بىردە جىمىپ كېتەتتۇق . ئەمما ئەرپات مەندىن ئىپار توغرۇلۇق هىچقانداق ئىشنى سورىمىدى ، بەلكىم مىنى كۆڭلى بۇزۇلمىسۇن دەپ ئويلىغاندۇ .

ئاپتوبۇس بىرخىل سۈرەتتە يۈرىۋاتاتتى . بارغانسىرى يوللار ماڭا تونۇش بىلىنىدى ، چۈنكى يۇرتۇمغا يېقىنلاپ قالغان ئىدىم ، يول ياقىسىدىكى ئاق تىرەكلەر ، ئاچا يوللاردىكى يول بەلگىلىرى ، ئىشقىلىپ هەممە نەرسە ماڭا بىرخىل ئىللىق تۇيۇلاتتى ، ئەمما يۇرتقا يېقىنلاشقانسىرى مەن كەلگۈسىمدىن يىراقلاشقاندەك ، ئىپاردىن يىراقلاشقاندەك، بەختىم قاياقلارغىدۇ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك كەيپىياتتا ئىدىم . مانا ئۆيگىمۇ يېتىپ كەلدىم . كىشىلىرى خۇشچاقچاق ،غۇلجا شەهرىگە كەلدىم . مەن تۇغۇلغان ، سەبىيلىكىم ، بالىلىقىمنى ئۆتكۈزگەن ئانا دىيارغا يېتىپ كەلدىم . ئىشكتىن كىرىپ بولغىچە دادام قولۇمدىن سومكىلىرىمنى تالاشتى ، ئاپام پىشانىلىرىمگە

سۆيۈپ كۆز يېشى قىلدى ، قو شنا ـ خولۇملار كەلگىنىمنى ئاڭلاپ ئۆيگە كىرىپ مەندىن ئەھۋال سورا شتى ، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق خوشال ئىدى ، ئەمما مىنىڭ قەلبىمدە بىرخىل ياتسىراش ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. پات ـ پات قولۇمغا قاراپ تۇراتتىم . خۇددى قولۇمدا ئىپارنىڭ نازۇك قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغان چاغلارغا ئوخشاش. ياتاق ئۆيۈمگە كىرىۋېلىپ ئەلبۇمنى ئېلىپ سۈرەتلەرگە يېنىش ـ يېنىشلاپ قارايتتىم ، بارماقلىرىم بىلەن ئىپارنىڭ چاچلىرىنى سىلايتتىم. چامادانغا سېلىپ قويغان كۆينەكلىرىمنى ئېلىپ پۇراپ باقاتتىم ، چۈنكى ئۇنىڭدا ئىپار چېچىپ قويغان ئەتىرنىڭ پۇرىقى بار ئىدى . كۈنلەر نۆۋەتىدە ئۆتىۋەردى ، پەقەت ئاپام مەن بىلەن ئاندا ـ مۇندا ئەسرارلىشىپ تۇراتتى ، تۈنجى كۈنى كەچتە ئاپام ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ مىنىڭ لايىق تاپقان تاپمىغانلىقىمنى سورىدى ، مەنمۇ ئاپام قاچان شۇنداق سوراركىن دەپ تۇراتتىم . بۇنى بىر پۇرسەت بىلىپ ئاپامغا ، ئىپار توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردىم ، ھەر تەتىلدە قايتىپ كەلگەندە نىمە ئۈچۈن ئۆي تېلفۇنى چىقمىنىڭ ئېشىپ كىتىغانلىقىنى ، ئالي مەكتەپ ھاياتىمدا ئىپارنىڭ ماڭا قانداق كۆيۈنگەنلىكىنى، قانچىلىق چۈشەنگەنلىكىنى، ئىپارنىڭ باشقا قىزلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاددى ـ ساددا ، يىقىشلىق قىز ئىكەنلىكىنى . . . . ئىشقىلىپ مەن ئاپامنى ماقۇل كەلتۈرۈش ئۈچۈن بارلىق ئامالالارنى ئىشلەتتىم ، ئاپام باشتا سۆزۈمنى بۆلمەي ئاڭلىدى ، ئاخىرغىچە بىر خىل كەيپىياتنى ساقلىدى ، ئەمما چىقىپ كىتىدىغان چاغدا

ـ ئارمان بالام ، سىنىڭ تويۇڭنى قىلىمىز ، ئەمما كىلىن چوقۇم غۇلجىدىن بولىدۇ ، دەپلا قويدى ،

ـ ئاپا ، ، ، ئىشىك يېپىلىپ بولغان ئىدى .

مانا مۇشۇ سۆھبەتتىن كىيىن ئاتا ـ ئانام بىلەن قانچە قىتىم پىكىرلەشكىنىمنى ، قانچە قىتىم ئازارلاشقىنىمنى بىلمەيمەن. ئاخىرى بولماي ئاپامغا شۇنداق دەپ سالدىم،

ـ ئاپا ، ئەگەر ئىپار بىلەن توي قىلالمىسام مەن مەڭگۈ توي قىلماي ئۆتىمەن .

بۇ گەپ ئاپامغا ئىغىر كەلگەچ بىر نەچچە كۈن ئاغرىپ يېتىپ قالدى . دادام بولسا مەندىن نارازى بولۇپ ھەرۋاق تاماق ۋاقتىدا جىنىمدىن ئۆتكىدەك گەپتىن بىر نەچچە ئىغىز دەۋەلاتتى .

مانا ھوجرامدا يەنە شۇ سۈرەتلەرگە قاراپ خىياللارغا كەتتىم .خىيالىرىم يەنە شۇ ئىپارغا باغلانغان ئىدى. بىر قىتىم ئۇنىڭغا شۇنداق بىر گەپنى قىلغىنىم ئىسىمدە ،

ـ بىلەمسەن ئىپار ، مىنىڭ يېنىمدىن **100** ئادەم مېڭىپ ئۆتسە ، مەن سىنىڭ ئاياق تىۋىشىڭنى تونۇۋالىمەن

ـ ھى ،ھى ، ئاتە پونى غۇلجۇلۇق، مەن سۆزۈمنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ،

ـ چۈنكى **99** ئادەم يەرگە دەسسەپ ماڭسا ، سەن يۈرىكىمگە دەسسەپ ماڭسەن ئەمەسمۇ؟ ئىپار ماڭا مەمنۇنلۇق بىلەن قاراپ قالغان ئىدى .

ئۇنىڭ كۈلۈشلىرى ، چاچلىرىنى قولى بىلەن ئوڭشاپ قويۇشلىرى ، بەزى چاغلاردا مەندىنمۇ بەك گەپچى بولۇپ كېتىدىغانلىقى ، يەنە بەزى چاغلاردا جىمجىت ئولتۇرۇپ ئەشتىياق بىلەن مىنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشلىرى ، يەنە بەزى قىزلارنىڭ ئۇنىڭغا ھەســەت قىلىپ قىلغان ســۆزلىرىدىن كۆڭلى ئازار يەپ ، مەيدەمگە بېشــىنى قويۇپ ياش تۆكۈشلىرى ، ، ، ھەي ، مۇھەببەت دىگەن ئەجەپ سىرلىق نەرسىكەن ، قايسى بىر كىشى :« پەقەت ئىككى يېرىم كۈن ئۆمۈر ســۈرەر ئىنســان ، بىر كۈن كۈلكە بىلەن، بىر كۈن يىغا بىلەن ، يېرىم كۈنۈڭ كىتەر سۆيگۈ بىلەن .» دەپ يازغان ئىكەن ، ئەجىبا ئاشۇ 5 يىل مىنىڭ يېرىم كۈنلۈك سۆيگۈممىدۇ؟ ياق ، بۇ پەقەت باشــلىنىشــى ، ئىپار ئايالىم بولىدۇ ، تىخى ئانىمۇ بولىدۇ ، چوقۇم ۋەدەم بويىچە ئۇنى بىزنىڭ ئۆينىڭ كېلىنىگە ئايلاندۇرىمەن ، ئاپامنىڭ ياخشــى كېلىنى بولۇپ كىتىدۇ ، داداممۇ چوقۇم بۇ قىزنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ ، ، ، ، ، مانا مۇشۇنداق خىياللار بىلەن قانداق ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمىدىم .

كۈنلەر ئۆز نۆۋىتىدە ئۆتىۋاتاتتى . مەن ئىپار بىلەن تىلفۇندا ئالاقە قىلىپ تۇردۇم . يىقىندىن ياقى ئۇنىڭ ئاۋازى بۇرۇنقىدەك ياڭراق چىقمايدىغان ، ھەربىر ئېغىز سۆزىگە ھەسرەت ئارلىشىپ چىقىۋاتقاندەك بىلىندى ، «مەن نىمە بولدىڭىز ، ئىپارىم » ، دەپ سورىسام ، دائىما «ھىچنىمە» دەپلا قوياتتى. مەنمۇ بەك سۈرىشتۈرۈپ كەتمىدىم . بۈگۈن ئۇنىڭ بىر پارچە خىتىنى تاپشــۇرۇپ ئالدىم . ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ خەتنى ئوقۇشــــقا باشلىدىم .

ـ »ئەسسالام ، ئارمانىم . مىنىڭ ئەزىزىم .

ئاتا ـ ئانانىڭ ياخشــى تۇرىۋاتامدۇ؟ ئۆزەڭچۇ ؟ يەنە شۇ شــوقلۇقۇڭ بىلەن ھەممىســىنى كۈلدۈرۈپ يۈرىۋاتىســەن ھەقاچان ،

ئارمان ، دائىم ســــىنى يېنىمدا باردەكلا ھىس قىلىمەن ، ســــەن بىلەن 5 يىل بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ كۆنۈپ قاپتىمەن . تۇرقۇڭغا ، گەپلىرىڭگە ، شوخ قىلىقلىرىڭغا ، مىنى « ئىپارخان ، مەلىكەم» دەپ ئاتا شلىرىڭغا ، ھەممە ھەممە نەرســەڭگە كۆنۈپ قاپتىمەن . ئەتتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ شــۇنداق ئالدىرايمەن، خۇددى مەن سىنىپقا چىقىدىغاندەك ، شەنبە كۈنلىرى مەھەللە يىنىدىكى باغچىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ كىتىمەن ، خۇددى سەن كىلىپ قالىدىغاندەك . ئارمان ، سەنمۇ شۇنداق خىياللار قوينىدا تولغۇنىۋاتامسەن ؟ سەنمۇ چۈشلىرىڭدىن : ئىپار ، دەپ ئويغۇنۇپ كىتەمســەن ؟ ئارمان ســىنى بەكلا ســىغىندىم ، قانىتىم بولغان بولســا يېنىڭغا ھازىرلا ئۇچۇپ باراتتىم .

ئەمما ھەممە ئىش ئىنســانغا باقمايدىكەن . كۆز يېشــىڭمۇ كار قىلمايدىغان ئىشــلار نۇرغۇن ئىكەن ، گەپنى قانداق باشلاي ئارمان، ئوقۇپ بولۇپ . . . . . .

ئارمان ، ســـەن بىلســـەن ، مىنىڭ دادام كىچىك چېغىمدىلا كۆز يۇمغان ، مىنى مېھرىبان ئانام بىر قوللۇق بېقىپ قاتارغا قاتتى ، يەنە نۇرغۇن پۇل تەلەپ قىلىدىغان ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتتى ، قىزى بولۇپ تىخىچە ئانا ماۋۇ پۇلنى ئىشــلەتكىن دەپ باقمىدىم . ئالىي مەكتەپتە ســەن يېنىمدا بولغاچ نۇرغۇن ياشــلىرىم تۆكۈلمەي ،

ئورنىغا كۆلكە دەسسىدى ، ئانام بولغاچ ، مىنىڭ ياخشى ئوقۇشۇم توختاپ ،ياكى چىكىنىپ قالمىدى ، مەن ئۇ يەردە يۈرۈپ ئانامنىڭ مىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن قانچىلىك جاپا تارتقىنىنى بىلمەپتىمەن . مەن ئانامنى ئۆزى ئانچە ـ مۇنچە كىيىم تىكىپ تاپقان پۇللىرىغا مىنى ئوقۇتىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، ئانامنى 5يىل ئاۋالقىدەك تىمەن ، سالامەت تۇرىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن ، ئەمما ،،، ھەممىسى يالغانكەن ،ئارمان، ھەممىسى يالغانكەن

مىنىڭ تۇرمۇش يۇلۇمنى باشــقىلار ھازىرلاپتۇ ، قىســقىســـى مەن شــۇ تۇرمۇش يۇلىغا بارا ـ بارا كەلگۈســۈمنى ســـىتىپتىمەن ، بىچارە ئانامنۇ تەغدىرگە تەن بىرىپتۇ ، ئارمان ، ئانامدىن يامانلىســـــام بولمايدۇ ، بىر ياققا قارىســام ســەن ، يەنە بىر ياققا قارىســام ئانامنىڭ ھۆرمىتى ، ســىنى ئۆزۈن گەپلەر بىلەن قىيناپ يۈرمەي ، بۇ گەپنى دىلىمغا خەنجەر ئۇرۇپ تۇرۇپ دەۋاتىمەن ،

ئارمان ، مەن يىقىندا توي قىلماقچى ، مىنى كەچۈر .....

ـ ۋاپاسىز ئىپارگۈلدىن.»

بۇ خەتنى قانداق ئوقىغىنىمنى بىلەيمەن ، مىگەم پارتىلاپ كىتەي دەپ قالدى . بىردە ئىپارغا تىلفۇن قىلىپ تازا بىر تىللاي دىدىم . ئەمما تىزلا بۇ خىيالىمدىن ياندىم .دىلىمغا خەنجەر ئۇرۇپ تۇرۇپ دەۋاتىمەن، دىگەن سۆزىدىن ئۇنىڭ ئامالسىز ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم ، خەتنى يۇرلاپ يانچۇقۇمغا سالدىمدە ، كىچىك سومكامغا بىر نەچچە قۇر كىيىمىنى سىلىپ سىرتقا ماڭدىم ، ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرغان ئاپام بىرەر نىمىنى پەملەپ قالدىمۇ ، ماڭا ئىسىلىپ تۇرىۋالدى. مانا ئەمدى يىراقتا ئىپار ، يىنىمدا ئاپام يىغلاۋاتاتتى ،

ـ بالام ، ئاپاڭنى يەنە نىمە قىلسۇن دەيسەن ، ئاپام شۇنداق دەپلا يەرگە يىقىلدى . مەن ئاران يۆلە شتۇرۇپ ئاپامنى ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزدۇم ، ئاڭغىچە دادامنۇ پەيدا بولدى ، دادامنىڭ قوشىمىسى شۇنداق تۇرۇلدىكى ، ھازىرلا مىنى ئۇرۇپ كىتىدىغاندەك قىلاتتى، ئاپام بولسا ئازىراق ئىسىگە كەلگەچ ،

ـ ئارمان ، مۇشــۇ بىر قىتىم ئاپاڭنى ئاياپ قوي ، دەپ نەســـھەت تۇســـدە گەپ قىلىۋاتاتتى، دادام بولســا ئەمدى ماڭا ، ۋاپاسىز پەرزەنتكە قارىغاندەك تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى، مانا ئاپامنىڭ سالامەتلىكى ، دادامنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يەنە ئۆيگە سولاندىم. ئۆزۈمنى ـ ئۆزۈم تۇرمىگە تاشلىدىم . ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ قانداقتۇر بىر نىملەرنى يازدىم، ئەمما بۇ خەتلەر ئىپارغا يىزىلغان ئەمەس ئىدى ،

مانا باغاق تاپشۇرۇپ ئالدىم،

يىل ئۆررۈلسە تويۇڭ بولغۇدەك.

بىز شاد كۈلگەن باغچىلار قىلىپ ،

باشقا يۇرتتىن ئۆيۈڭ بولغۇدەك

تۈتقۈزغىنى باغاق بولسىمۇ ،
مىنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈم ختىدۇر.
سەن جانانىنىڭ يىنىغا يازغان،
قايسى يىگىت ، كىمنىڭ ئېتىدۇر.

توي كۆينىكى كىيگەن تۇرقىڭنى،
كۆرگۈم يۇقتۇر مىھمان ئورنىدا.
قانداق چىداي تۇزلۇق نان يىسەڭ،
مىنىڭ ئەمەس ، خەقنىڭ قولىدا.

ئەجىبا ، ئەينى زامان مەيدەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ،

ـ ئىپار سىنى غۇلجىغا ئېلىپ كىتىمەن ، دىگەن يىگىت مەنغۇ ،

ـ چوقۇم شۇنداق قىلىمىز، مەن ياخشى كىلىن بولىمەن ، دىگەن قىز سەنغۇ .

5يىللىق مۇھەببەت يىغلاۋاتاتتى ، ئەر بولۇپ قالغان يىگىت يىغلاۋاتاتتى. مەن ئۈچۈن دەل ـ دەرەخ ، تاغ ـ دەريا ، گۈل ـ گىياھ ، ھەممە ھەممە نەرســـە بىزنىڭ مۇھەببەت كۆيىمىزنىڭ توختاپ قالغانلىقىغا ،ۋاقىتســـىز تۇزۇپ كەتكەنلىكىگە قارلىق تۈتىۋاتاتتى. يەنە مەن ئۈچۈن بىرىلگەن ۋەدىلەر يالغان ، قەســـەملەر يالغان . ھەممە ھەممە نەرسە يالغان ئىدى .

نىگار:

ئاھ،قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي،قايسى قۇلاقلىرىم بىلەن ئاڭلاي؟

ئانام بىلەن تىركىشىپ ،يىغلاپ تۇرۇپ قارشىلىق بىلدۈرۈپ يۈرىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرسىدە ئانام يەنە يىقىلدى. . .مەن ئاجىز،ھىمايىسىز ،يۆلەنچۈكسىز ھالەتتە «يات قوللار»نىڭ ساخاۋىتىنى يەنە قوبۇل قىلدىم.ئانام سەل ياخشىلانغاندىن كېيىن بىر كۈنى يۇم-يۇم يىغلاپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن دادامنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ مەندىن ئۆتۈندى، ئانام بەكمۇ تەڭقىسلىقتا قالغان،بەكمۇ بىچارە ئەھۋالدا قالغان ئىدى.مەنچۇ؟ ؟مەن ئۇنىڭدىن ئۆتكەن بىچارە ھالدا ئىدىم.ياتاق ئۆيۈمگە كىرىۋېلىپ ئارماننىڭ سۈرىتىگە قاراپ يامغۇردەك ياش تۆكەتتىم،ئۇنىڭ تېزراق ئامال قىلىپ ئاتا-ئانىسىنى قايىل قىلىشىنى ئۈمۈت قىلاتتىم،بىراق شۇنداق ئۆتىۋاتقان كۈنلىرىمدە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ئىش تەغدىرىمنى،ئىرادەمنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى.

تېلېفون جىرىڭلىدى،يۈرىكىم تىپچەكلەپ كەتتى،«ئارمان،چوقۇم ئارمان »مەن ئېتىلىپ بارغىنىمچە تېلېفوننى ئالدىم .

_ۋەي،بۇ ئىپار دىگەن قىزنىڭ ئۆيىمۇ؟_تېلېفوندىن يات بىر ئايالنىڭ ئۈنى ئاڭلىنىۋاتاتتى .

_ھەئە_مەن ئەجەپلىنىش ۋە قانداقتۇ بىر خىل ۋەھىمە بىلەن جاۋاپ بەردىم .

_مەن غۇلجىدىن تېلېفون بېرىۋاتىمەن،مەن ئارماننىڭ ئاپىسى بولىمەن .

_ھە؟_مەن تەمتىرەپ كەتتىم،ئارقىدىن ئۇ ئايالنىڭ يىغلامسىرىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى_ئىپار، سىزمۇ يالغۇز پەرزەنت ئىكەنسىز،يالغۇز ئانىڭىز بار ئىكەن، شۇ مېھرىبان ئانىڭىزنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن ئوغلۇمدىن قول ئۈزۈڭ بولامدۇ؟_ئاخىرقى گەپلەر يەنى ئارماننىڭ ئاپىسىنىڭ ئارماننىڭ ئۆيىنىڭ كىچىكى ئىكەنلىگى،ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا چىدىمايدىغانلىقى،ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كۆزلەپ قويغان قىزىنىڭ بارلىقى،مېنىڭمۇ ئانامنى تاشلاپ غۇلجىغا بېرىشىمنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى،ئۇنىڭمۇ دادا-ئاپىلىرىنى يۇرتىنى تاشلاپ كېلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى،ھازىر ئۆزىنىڭ بۇ ئىشنى تولا ئويلاپ يۈرەك كېسەل بولۇپ قالغانلىقى. . . .دەك بىر قاتار ئىشلارنى يىغلاپ تۇرۇپ،مەندىن ئۆتۈنۈپ تۇرۇپ دىگەنلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى.تېلېفوننى قانداق قويىۋەتتىم،ئانىسىغا نىمە دەپ جاۋاپ بەردىم بىلمەيمەن،ئولتۇرغان جايىمدا ئولتۇرۇپلا قاپتىمەن،نەچچە ۋاقىتتىن كۆزلىرىمدىن توختىماي تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار تۈگىدىمۇ كۆزلىرىمدىن ياشمۇ چىقمىدى،بەلكىم ئادەمنىڭ تېنىدىن روھى چىقىپ كەتسە شۇنداق بولسا كېرەك،ئارماندىن ئايرىلىپ ياشاشنىڭ ئۆزىلا روھسىز يوق قۇرۇق جىسمىمنى قۇچاقلاپ ياشاش ئىدى . . . .

نەچچە كۈنلەردىن كېيىن ئارمانغا بىر پارچە قىسقا قىلىپ خەت سالدىم،خەتنى سېلىۋېتىپ كېلىپ ياتاق ئۆيۈمگە بېكىنىۋېلىپ شۇنداق يىغلىدىمكىن، ، ،ئۆزۈممۇ شۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمدا شۇ قېتىمقىدەك قاتتىق يىغلاپ باققانلىقىمنى بىلمەيمەن،توختىماي تا ماقمۇ يىمەي بىر كۈن يىغلاپ ياتتىم. . .مەن تەغدىرگە تەن بەرگەن ئىدىم،ئاھ،تەغدىر دەپ ئارمان بىلەن بولغان ئوتلۇق سۆيگۈمنى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا دەپنە قىلىش قارارىغا كەلگەن ئىدىم،ئىككى ئانىنىڭ ئارزۇسى،ئۈمۈدى ئۈچۈن قەلبىمدىكى سۆيۈملۈك ئادىمىمنىڭ

ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىگە خەنجەر سالغان ئىدىم، بىلمەن، ئارمان خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ، دائىملا كۈلۈشـــكە يارالغاندەك كۈلۈپ تۇرۇدىغان ئوتلۇق كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلىدۇ، قەلبى ئۆرتىنىپ ئېھتىمال مەندەك ۋاپاسىز، ئاجىز ئىپارنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ يۈرگىنىگە نەپرەتلىنىشىمۇ مۇمكىن .

ئـــارمـــان. . . . . . . . . . ئـــارمـــان. . . . . . . . . . ســـەن نەدە؟مەنـــدەك ۋاپـــاســـىز مەلىكەڭ ئۇچۇن يـــاش تۆكۈۋاتقانسەنمۇ؟ئازاپلىنىۋاتقانسەنمۇ؟مەن قانداق قىلاي ئېيتقىنا مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟بۇ ياقتا مېنىڭ ئانام، ئۇ ياقتا سېنىڭ ئاناڭ، مەندىن مۆلدۈرلەپ جاۋاپ كۈتۈپ تۇرسا . . . .

يەنە تېخى «ساخاۋەتلىك قول»مەندىن جاۋابىڭنى قايتۇر دەۋاتسا. . . . . مەن زادى قانداق قىلاي . . . . . . . .

شـــۇنداق قىلىپ ئۇنى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا دەپنە قىلىۋەتتىم، تويۇم بولدى، مەكتەپتىكى گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلارنىڭ ئەكســچە مەن روھى يوق قۇرۇق جســمىم بىلەن باشــقىلارنىڭ قېشــدا ئولتۇرۇمەن، توۋا تويۇم بولغان كۈنى يىغلىمىدىم، كۆزلىرىم بىر نۇقتىغا تىكىلىپلا قالغان ئىدى، ھەتتا مېنى كۆچۈرۈپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭغاندىمۇ «قىزنىڭ نازلىق يىغىســى»نى يىغلىمىدىم. مەن ئۇنىســىز ، ســۇكۇت بىلەن بۇ توي كۈننى كۈتۈۋالدىم. يۈرىكىم ئامبۇردا قىسقاندەك ئېچىشىپ تۇرسىمۇ ئۆزۈم ئىپادىسىز كۆزلىرىم نۇرسىز ھالەتتە ئىدى،

ئارمان، سېنىڭ خۇشپۇراق ئىپارىڭنىڭ گۈل يۈزلىرى سارغايدى، يۈرىكى ئۆلدى، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا سېنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن گۈزەل كۈنلىرىنى، سېنىڭ بىلەن بىللە قىلغان ئارزۇلىرىنى ئېلىپ سېنىڭ روھىڭ بىلەن بىللە كۆمۈپ قويدى، روھســـىز يۈرەكىنىڭ يەنە نىمە تىپچەكلەشـــلىرى بولســـۇن، ھاياتلىق ئوزۇقى بولغان چىن مۇھەببەتنىڭ ئابى زەم ـ زەم ســۇلىرى قۇرۇغان تۇرســا ئىپارىڭ ســارغايماي قانداق قىلســۇن؟؟ئارمان، مەندىن نەپرەتلەنگىن، مەن ۋەدەمدە تۇرالمىدىم، سېنى ساقلاپ تۇرالمىدىم، سېنى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئۆمۈر بويى سۆيىمەن، بىراق، ئەمدى مەن باشـقا بىرسـىنىڭ مەھبۇبەسـى بولۇش سـۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭغا يۈزسـىزلىك قىلســـام بولمايدۇ، ئۇنداق قىلســـام ئاللا بىزگە ئاتا قىلغان «ئايال»دىگەن ئۇلۇغ نامغا داغ چۈشـــۈرگەن بولىمەن. سۆيۈملۈكۈم ئارمان، خوش، ساڭا ئەبەدىيلىككە خوش . . . . . .

توي قىلىپ يېرىم يىلدىن كېيىن ئانام قازا قىلدى، مەن يىغلاپ ـ قاخشــاپ يالغۇز قالدىم، (ئەلۋەتتە، ئۇ چاغلاردا ماڭا ئاشـــىق ئېرىممۇ بار ئەلۋەتتە)مەن تېخىمۇ كەمســـۆز ، خىيالچان بولۇپ خىزمەت ۋە ئائىلە تۇرمۇشـــىغا چۆكۈپ كەتتىم، ھەر مىنۇت خىيالىمدا، ماڭسام يوللىرىمدا، ئۇخلىسام چۈشلىرىمدە بىر خىيالىي سۆيۈملۈك سىما ماڭا ھەمرا ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاشتىن، ئۇيىلاشتىن قورقاتتىم. ئانامنىڭ ئايال كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلىرىنى ئېزىپ ـ ئېچكۈزۈپ چوڭ قىلىشى ئارقىسىدا مەن بۇنداق قىلىشنى يولدىشىمغا قىلىنغان ۋاپاسىزلىق دەپ بىلەتتىم، (بىراق دەل ئۇنىڭدىن ئاشقان ۋاپاسىزلىقنى مەن ئارمانغا قىلغان ئىدىم)

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋەردى، مېنىڭ جىمغۇرلۇقۇم يولدىشىمغا ياقمىدى، ئۇنىڭ ھاجىتىدىن، دىگەن يەرلىرىدىن چىقالمىغان ھىسسىياتسىز ھالىتىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى قالدۇردى، مەن بىلەن جىدەللىشىپ باقماقچى بولۇپ ئەتتەي زىتىمغا تەگدى، بولمىغۇر قىلىقلارنى قىلدى، بىراق مەن يەنىلا شۇنداق پەرۋاسىز ھالەتتەيۈرىۋەردىم. . شۇ تەرىقىدە 3 يىل ئۆتتى، ئۇنىڭ باللىق بولۇش ئىســتىكى يۇقۇرى بولســمۇ باللىق بولالمىدۇق، ئۇ ئەســلىدىمۇ

بۇرۇنقى ئايالى بىلەن شۇ سەۋەپتىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئىدى، مېنىڭ غەلۋىسىز يۈرۈشۈم، گۇمۇشلارچە خۇلقسىز ئەپتىم ھەر قانچە گۈزەل بولسىمۇ ئۇ ئاخىرى بۇنىڭدىن زېرىكتى بولغاي كۈن - كۈنلەپ كەچ قايتىدىغان، باشقا قىزلار بىلەن قالايمىقان ئارىلىشىدىغان بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ھەر قانداق قىلىقىنى كۆتۈردۇم بىراق ئۇنىڭ سىرتتا نا شايان ئىشلارنى قىلىپ مۇسۇلماندارچىلىقتىن چەتنەپ كېتىشى دىتىمغا سىغمىدى، قىسقىسى مەن ئۇنداق پاك بولمىغان ئائىلىدە ياشاشتىن ۋاز كەچتىم. ئاخىرى ئۇنىڭغا ئاجرىشىش تەلىۋىنى قويدۇم. ئۇمۇ مەندىن زېرىككەن بولسا كېرەك، سۆرگەن بولسىمۇ يەنىلا بەك تارتىشىپ كەتمەي 6 ئايدىن كېيىن جىم - جىتلا ئاجرىشىپ كەتتۇق ....

ئابتۇبۇس بېكەتكە كىرىپ كەلدى، شاۋقۇن - سۈرەنلىك شەھەر ئىختىيارسىز ئۇنى ئەسلەتتى، بۇنىڭدىن 5 يىل ئاۋال ئۇ مېنى مۇشۇ يەردە ئۇزىتىپ قويغان ئىدى، مەن ئۇنىڭغا قاراپ يىغلىسام «يىغلىما جېنىم بىز ھامان بىللە بولىمىز دىگەن ئىدى. قېنى شۇ ۋەدىلەر؟ قېنى شۇ ئوتلۇق كۆزلەر؟ قېنى شۇ مۇھەببەت؟ «

ئابتۇبۇستىن چۈشۈپ چۈشىنىكسىز بىر خىل ھاياجاندا تېپىرلاۋاتقان يۈرىكىمنىڭ تىۋۇشلىرىنى تىڭشىغاچ بىر تاكسىنى توسۇپ يىغىن ئېچىلىدىغان ئورۇنغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم .

ئاشكار :

ئىپار توي قىلىپتۇ ، راستلا توي قىلىپتۇ ، مېنى بۇ يەردە يالغۇز قويۇپ باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىپتۇ ،

بۇ خەۋەرنى ماڭا دوستۇم ئەرپات يەتكۈزگەن ئىدى ، ئۇنىڭغا ئىپارنىڭ دوستى ئادىلە تېلېفون قىلىپ دەپتۇ . ھېلىقى كۈندىن باشلاپ بۇرۇنقى خۇشچاقچاق ، ئوچۇق مىجەزىمدىن تامامەن ئەسەر قالمىغان ئىدى . كۈندىلىك تۇرمۇشۇم شۇنچە مەنىسىز ئۆتەتتى. ھوجرامدا يالغۇز ئولتۇراتتىم ، ياكى ئەرپات بىلەن ئۇچرىشىپ پاراڭلىشاتتىم، ئۆيدە تاماق ۋاقتىدا بولسا بىرنەچچە ئېغىز سۆزدىن باشقا ئارتۇقچە سۆز قىلمايتتىم ، ئاتا - ئانامۇ ماڭا ئارتۇقچە پاراڭ قىلمايتتى. قەلبىمدىكى سېغىنىش. ھىجران ئازابى بىلەن بىللە بىلىپ - بىلمەي ئۇنىڭدىن مېنى ساقلاپ تۇرمىغانلىقىغا ئاغرىنىش ھېسلىرىمۇ قوشۇلغان ئىدى. مۇشۇ تەرىقىدە 5 - 6 ئاي ئۆتۈپ كەتتى .

مانا خىزمەت ئىشىممۇ ھەل بولدى ، ئەمدى بۇرۇقتۇم بولۇپ ئۆيدە ئولتۇرمايدىغان ، باشقىلارنىڭ ئادىمى بولۇپ كەتكەن ئىپارنى ئەسلەيدىغان چاغلىرىم قىسقىراشقا باشلىدى . ئەمما ئىپارنى تامامەن ئۇنتۇشقا مۇمكىن بولمايدۇ دەپ ئويلايتتىم، ئۇ گەرچە باشقىلارنىڭ ئادىمى بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ھامان ئۇ يېنىمغا قايتىپ كېلىدىغاندەك، يەنە بىللە بولىدىغاندەك، «ئارمان» دەپ كۆزلىرىمگە نازلىق باقىدىغاندەك، قىزىقارلىق ۋە سەل قېلىنراق گەپلەرنى قىلىپ قويسام «ساراڭ» دەپ قىزىرىپ يەرگە قارايدىغاندەك بىلىنەتتى. بىراق بۇلارنىڭ ئەمدى مەڭگۈ ئېرىشكىلى بولمايدىغان پەقەت تاتلىق چۈش سۈپىتىدە قەلبىم ئەينىكىدە داۋاملىق كۆرۈنۈپ مېنى ئازابلايدىغان رىئاللىق ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمدا جىم - جىت، يالغۇز يەرلەرگە بېرىپ ھۆكىرەپ يىغلىغۇم

كېلەتتى ،«ئاھ خۇدا تەغدىرىمىزنى نىمانچە كاج ياراتقانســەن؟»دەپ نالە قىلاتتىم.«تېشــمدا ھېيىت ئۇيناپ ئىچىمدە روزا تۇتۇپ» خىزمەتكە باشــچىلاپ كىرىپ كەتتىم،خىزمەت ،پەقەت خىزمەتلا مېنى ئازراق بولســمۇ تىنىمسىز كۆيۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئوتتىن نېرى قىلالايتتى. ئاتا ـ ئانامۇ مىنىڭ بىرىلىپ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ منى توي قىلىشقا ئالدىراتتى. ئاپام ئاندا ـ ساندا گەپ تىشىپ قوياتتى،

ـ ئارمان، ئىدارەڭدە كۆزۈڭ چۈشكەن قىزلار يوقمۇ ،

ـ مىنىڭ بىر دوستۇمنىڭ قىزى بار ، شۇنداق ئەخلاقلىق چوڭ بولدى ، كۆرۈشۈپ باقامسەن؟

ـ بولدى قىلە ئاپا ، كۆرۈشــكىم يوق. ،، مانا مۇشــۇنداق ســوغۇق جاۋابلار بىلەن ئۆزۈمنى تويدىن قاچۇرۋاتاتتىم ، بولمىســا توي قىلىش يېشــغا كىلىپ قالدىم . ئەمما قەلبىمدە ئېپارنىڭ ســىماســى ھەر ۋاقىت ئەگىپ تۇرسا مەن قانداقمۇ باشقا قىزلارغا ئېپارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلالاي؟قانداقمۇ ئۇنىڭغا قىلغان شوخلۇقلىرىمنى قىلالاي؟يەنە قانداقمۇ ئۇنى ئېپاردەك چىن ھىسسىياتىم بىلەن . . . . . .

.باشــقا چاغدا خىزمەت بىلەن ئالدىراش يۈرگەچكە ئانچە ئويلاپ كەتمىســەممۇ، ئۇخلايدىغان چاغدا تىگى يوق خىياللارغا چۆكۈپ كىتەتتىم . مەكتەپتىكى چاغلار كۆز ئالدىمدىن كىنوٰ لىنتىسىدەك ئۆتەتتى ، تاڭ ئاتىسا ئۇ كىلىپلا يېنىمدا ئولتۇرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . يەنە بەزى چاغلاردا ئىشــقا ماڭغاچ بىرەر قىز بالىنىڭ بىرســىنى چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىسام ئىتتىك كەينىمگە بۇرۇلۇپ سالاتتىم. شەنبە يەكشەنبە كۈنلىرى قەدىناس ئاغىنەم ئەرپات بىلەن ھال ـ مۇڭ بولىشــاتتىم ، شــۇ چاغلاردىمۇ ئەرپاتنى چاقىرماقچى بولوپ ، بىر نەچچە قىتىم « ئېپار» دەپ ســالدىم. ئاشــۇ ، زىبالىق ، مۇلايىم ، ئەخلاقلىق ئېپار ئەتراپىمدا كۆلەڭگە تاشــلاپ منى يەنىلا قىيناپ كىلىۋاتاتتى. كۈنلەر ئۆز يولىدا ئۆتىۋىتىكەن ، ئەمما ئاتا ـ ئانام مىنىڭ قايتا ـ قايتا رەت قىلىشــىمغا پىسەنتىمۇ قىلماي داۋاملىق توي ئىشىمنى تىلغا ئېلىپ تۇردى .

ـ بالام ، بۈگۈن ئىشــتىن چۈشــكەندە بۇ تىلفۇن نومىرىغا تىلفۇن قىل ، ئۇ قىز ســىنى ئىدارەڭنىڭ يېنىدىكى چايخاندا ســاقلايدىغان بولدى ، بۇ يىقىن دوســتۇمنىڭ قىزى ، ئەگەر كۆرۈشــمىســەڭ ، مىنىڭ يۈزۈمنى تۆكىسەن، ئاپام شۇنداق دەپلا نومۇر خاتىرلەنگەن باغاقچىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى . مەنمۇ ئارتۇقچە گەپ قىلماي ئىشقا ماڭدىم . بىر كۈنلۈك ئىشلىرىمنى قىلىپ بولۇپ يانچۇقۇمغا سىلىۋالغان باغاقچىگە قارىدىم . بىر نومۇر تۇراتتى . قانداق قىلاي ، تىلفۇن قىلسام . . . ياق ئۇ ئېپار بولمىسا يە ، قىلمىسام ئاپام خىجىلچىلىقتا قالارمۇ؟ ، بوپتۇلا تىلفۇن قىلىپ كۆرۈشــســەم نىمە بولوپتۇ ، بىر نەچچە ئىغىز ســىســىق گەپ بىلەن قوپال ھەركەتتىن بىرەرنى قىلسام ئۇ قىز منى ياراتماي كىتىپ قالار ، مۇشۇ خىياللار بىلەن تىلفۇن قىلدىم .

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكوم، مەن ئارمان .

ـ ھە ، ئىشتىن چۈشتىڭىزمۇ ، مەنمۇ كىلەي دەپ قالدىم ،

ـ بولىدۇ ، ھىلى ئۆچرىشــايلى، شــۇنداق دەپلا تىلفۇننى قويدۇم . ئىدارىدىن چىقىپ يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى چايخانىغا قاراپ ماڭدىم ، قارىســــام چايخانا ئالدىغا بىر قىز تىز ـ تىز مېڭىپ كىلىۋىتىپتۇ ، مەنمۇ قەدىمىمنى تىزلىتىپ ئۇ قىز بىلەن ئىشىكتىن تەڭ دىگۈدەك كىردىم . يەنە بىرنى ئالىيىپ

ـ ئالدىرمىســــــڭىزمۇ كىرىســــــز ، چايخانا قىچىپ كەتمەيدۇ ، دەپ قويدۇم ، (خىيالىمدا بۇ قىز چوقۇم مەن كۆرۈشمەكچى بولغان قىز بالا شۇ ،قوپاللىقنى مۇشۇ يەردىلا باشلاي دەپ ئويلىغان ئىدىم. ) ئەكسىچە ئۇ قىز ئۇشۇقچە گەپ قىلماي كۈلۈپلا قويدى .

ئىچىگە كىرىپ بوش ئورۇندىن بىرنى تېپىپ ئولتۇردۇم ، ھىلىقى قىز بولسا ئۇيان ـ بۇيان قاراپ تۇراتتى. ھەم يانچۇقىدىن تىلفۇننى ئىلىپ بىر نومۇرلارنى باســـتى ، ھەم ئۇيان ـ بۇيان كۆز يۈگىرتتى ، قارىســـام تىلفۇنىم سايراپ كەتتى ، ئۇ قىز بۇنى كۆرگەن چىغى ئۇدۇل مىنىڭ ئالدىمغا كىلىپ،

ـ ئەسلى ،سىزكەنسىزدە، ئىسمىم، گۈلنار بولىدۇ ، مىنى ئاپام . . .

ـ ھە ، كىلىڭ ئولتۇرۇڭ . نىمە ئىچىسىز ؟

ـ قەھۋە ئىچەي ، مەن كۈتكۈچىگە ئۈنلۈك قىلىپ ۋارقىرىدىم :

ـ بىر ئىستاكان قەھۋە ، بىر بوتۇلكا پىۋە،

ـ بۇ يەردە پىۋە ســــاتمايدۇ ، گۈلنار ئەســــكەرتىپ قويدى ، كۈتكۈچىمۇ ـ ،پىۋە يوق دەپ ئۈلگۈردى ، ئەمەلىيەتتە مەنمۇ بۇ يەردە پىۋە يوقلىقىنى بىلەتتىم .

ـ ھە ئەمىســە ، ماڭىمۇ قەھۋە، تازا بىر ئىچەي دىســەم يوق دەيدا ،_ قىلچە تەربىيە كۆرمىگەن ياۋايىلاردەك قىلىپ سۆزلىدىم ، ھەم كىرىلىپ ئولتۇردۇم، گۈلنار ماڭا قاراپ ـ قاراپ قوياتتى . سۆھبىتىمىز قىسقىلا بولدى ، مەن بەك قالايمىقان ســۆزلەرنى قىلغاچقىمۇ بۇ قىز ئۆيگە ئالدىرايدىغانلىقىنى ، كەچ بولۇپ كەتكىنىنى باھانە قىلىپ كىتىپ قالدى .

مانا بۇ ئىشــتىن كىيىن ئاپام ماڭا نەچچە قىزلارنى تونۇشــتۇردى ، كۆرۈشــكىن دىســلا بىرىپ كۆرۈشــىدىغان بولدۇم . بىرىسىگە قوپال سـۆز بىلەن يەنە بىرســىگە زەھەردەك ســســق گەپلىرىم بىلەن تاقابىل تۇردۇم ، بەك بولمىغانلىرىغا مەن بىر توي قىلغان ،بالام 2 ياشقا كىرىپ قالدى ،دىگەندەك سۆزلەرنى قىلدىم . ئاپام ماڭا قىز تونۇشــتۇرۇپ ھارمىدى ، مەن قىزلارنى بىزار قىلىپ ھارمىدىم . كىينىچە ئاپاممۇ ماڭا توي توغرىســـدا ســۆز ئاچمايدىغان بولدى . ئاغىنىلەرنىڭ نەسىھەتلىرىنىمۇ تولا ئاڭلاپ كەتتىم، ئۇلار :

ـ ئاداش ، توي قىلمامســەن ، مىنىڭ بالام چوڭ بولۇپ توپ تەپكىدەك بولۇپ كەتتى ، دىگەندەك گەپلەرنى قىلسا مەن :

ـ ياخشى ، بالاڭ چوڭ بولسا چوقۇم پۇتبۇلچى بولىدۇ ، مەشقنى ياخشى قىلغۇز ، دىگەندەك چاقچاق گەپلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئېغىزىنى ئېتەتتىم .

يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ مەھەللىدە ئانچە ـ مۇنچە غەيۋەت پاراڭلار بولۇپ قالدى ، ئاتا ـ ئانام بولسا مىنىڭ نەچچە قىز بىلەن كۆرۈشۈپمۇ بىرەرسى بىلەنمۇ توي قىلىشقا پۈتۈشمىگەنلىگىمدىن ئەجەبلىنىپ داخان ، باخشـــى ، موللاملارنىڭ يېنىغىمۇ بېرىپ بېقىپتۇ ، ئەمما مەن پەرۋايىم پەلەك دەپ يۈرۈۋەردىم . پەقەت كىچىلەردىكى ئاشۇ شىرىن خىياللار ،ئۇنىڭ سىماسى مىنى بەزلەپ كىلىۋاتاتتى. بىر كۈنى ئىشتىن چۈشەي دەپ تۇرســـام ئىدارە باشـــلىقى ماڭا تىلفۇن قىلىپ ئۆگۈنلۈككە ئۈرۈمچىگە يىغىنغا بارىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردى ، تىلفۇننى قويۇپ ئاللىقانداقتۇر خىياللارغا چۆكتۈم ، مەن مۇھەببەتكە قەدەم قويغان جاي ، مەكتەپتىكى ياغاچ ئورۇندۇق . . . . . .

مانا كىتىپ بارىمەن ، 5يىل ئاۋال كۆزۈم قىيمىغان ھالدا ئايرىلغان ماكانغا كىتىپ بارىمەن . يول بويى ئۇخلىمىدىم . تېزراق بارســام ، تېزراق بارســام دەپ دىرىزىدىن ســىرتقا قاراپ ئولتۇردۇم . مانا بۇرۇن مىنى مۇھەببەت قويىندا ئەللەيلىگەن بۇ ئاۋات شـــەھەرگىمۇ چۈشـــتۈم . مەكتەپ مىنى ئۆزىگە تارتىۋاتاتتى . ياتاققا ئورۇنلىشـــىپ بولۇپ ، ئىختىيارســـىز مەكتەپكە قاراپ ماڭدىم . مانا مەكتەپ ئالدىغىمۇ كەلدىم . بۇرۇنقى مەكتەپ دەرۋازىســى ئۆزگىرىپ كىتىپتۇ ، مەكتەپ ئىچىدىمۇ ئۆزگىرىش خىلى چوڭكەن ، ئوقۇتۇش بىناســىنىڭ ســىرتىغا قايتىدىن كاھىشــلار چاپلىنىپتۇ ، يەنە بىر نەچچە ئوقۇتۇش بىناســى بىلەن ياتاق بىناســى يىڭىدىن ســېلىنىپتۇ . بىلىپ بىلمەي مەن ياتقان ياتاق بىناســغا كىلىپ قالدىم ، ئىچىگە كىرىپ كۆرۈپ بېقىشـــنى ئويلىدىميۇ ئەمما جۈرئەت قىلالمىدىم . يەنە ئايلىنىپ ھىلقى ياغاچ ئورۇندۇق بار جايغا كەلدىم ، مىنى خوش قىلغىنى ئۇ ئورۇندۇق شـۇ پىتى تۇرۇپتۇ ، پەقەت بىر نەچچە قىتىم قايتىدىن ســىرلانغان ئوخشــايدۇ ، تىخىمۇ يىقىنلىشىپ باردىم ، ئولتۇرۇپ باقتىم ،ئولتۇرۇشۇم بىلەنلا يۈرىكىمگە شېرىن بىر ئېقىم كىرىپ تىترەپ كەتتىم ،مانا مۇشــۇ ئورۇندۇق ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتلۇق مۇھەببىتىمنىڭ ،ســۆيگۈ تولغان ئايدىڭ كېچىلەرنىڭ گۇۋاھچىســـى بولغان ،مانا مۇشــۇ ئورۇندۇقتا ئېپار ماڭا يانمۇيان ئولتۇرغان ،جادۇ كۆزلىرىدىن كۈلكە تۆكۈپ ھاياتىمغا رەڭ ئاتا قىلغان ،مانا مۇشـــۇ ئورۇندۇقتا ئۇ ئايرىلىشـــقا چىدىماي ئۆكســـۈپ يىغلىغان ، «ئارمان ،ســـەندىن ئايرىلىپ يا شىيالمايمەن» دىگەن ،مانا مۇ شۇ ئورۇندۇقتا . . . . . . .خىياللىرىم يەنىمۇ داۋاملا شقان بولار ئىدى ،بوغۇزۇمغا بىر نىمە كەپلىشـــىپ قالغاندەك بولۇپ ئاچچىق بولۇپ كەتتى. بۇ ئورۇندۇق ئەمدى بۇرۇن ئولتۇرغان شــۇ تاتلىق ســېزىملارنىڭ ئورنىغا ماڭا قىرتاق بىر ئازاپ ئاتا قىلماقتا ئىدى ، چۈنكى يېنىمدا ئېپارىم يوق ئىدى . ھىلقى كەمســـۆز ، جەلپكار قىز يوق ئىدى . . بۇ ئورۇندا قانچىلىق ئولتۇردۇمكىن ، بىر ۋاقىتتا ئەتىراپىمغا نەزەر ســالســام جۈپ ـ جۈپ بولۇپ ئولتۇرغان ياش بالىلار توشـۇپ كىتىپتۇ . ئايلىنىپ يۈرگەنلىرى بۇ ئورۇننى بىزگە

بىرەمسىز دىگەندەك سوئال نەزىرىدە ماڭا قارايتتى . ۋاقتىنىڭ بىر يەرگە بىرىپ قالغىننى كۆرۈپ ئاستا مىڭىپ ياتىقىمغا يېنىپ كەلدىم .

مانا بۇ 3 كۈنگە سوزۇلغان يىغىنمۇ تۈگىدى ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى شەھەر،ناھيەلىرىدىن كەلگەن بولغاچقا ئادەممۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى،بىرەر ئادەمگىمۇ ئوشـــۇق گەپ قىلمىدىم ،ھەتتا بىشـــمنى تىكرەك كۆتۈرۈپ باشـقىلارغىمۇ قاراپ باقماپتىمەن،5 يىل ئاۋالقى ئوتلۇق مۇھەببىتىمنىڭ گۇۋاھچىسـى بولغان بۇ قايناق شـەھەر مىنىڭ يۈرىكىمدىكى يارا ئېغىزىنى تاتلاپ قانىتىۋەتكەن ئىدى، سىرغىپ چىقىۋاتقان قاننى توختىتىشقا ئامالسىز ھالدا مەن ئەيىنى ۋاقىتتىكى ئىپاردەك كەم سۆز خىيالچان ئىدىم .

ئەڭ ئاخىرقى دوكىلات يىغىنىدىن چىقىپ بولۇپ يىغىن مەيدانىدا بىر ماتىريالىمنىڭ قالغىننى ئىسمىگە كەلدى ، ئىشكىنى ئىتتىك ئېچىپ داڭ قىتىپ تۈرۈپلا قالدىم،ئاھ كۆز ئالدىمدا بۇرۇنقىدەكلا ساغۇچ چاچلىرى يەلكىسىدە يېيىلىپ تۇرغان ،خىيالچان تىنىق كۆزلىرى بىلەن مىنى ئاشىق قىلغان، شۇنچە يىلدىن بىرى ئۇ سىنىڭ ئەمەس ،باشــقىلارنىڭ دەپ ئۇنلۇك خىتاپ قىلىپ تۇرســامۇ خىيالىمدىن كۆتۈرۈلمەي مىنى قىيناپ كېلىۋاتقان تونۇش گەۋدە،سـۆيۈملۈك ســىما تۇراتتى . . قانچىلىك قارىشــىپ تۇرغىنىمىزنى بىلمەيمەن .نىمە دىيىشـــمنى،قانداق قىلىشىمنى بىلمەيمەن.ئېتىلىپ بىرىپ ئۇنى قۇچاقلىغۇم،خۇ شپۇراق چاچلىرىنى ھىدلىغۇم كەلدى . . . .ئۇمۇ شۇ ھالەتتە كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە داڭقېتىپ تۇراتتى .

_سىز ،بۇ، بۇ راسمۇ ئارمان؟

ئۇ تىترەڭگۇ ئاۋاز بىلەن ئاۋال ئېغىز ئاچتى .

_سىزمۇ مۇشۇ يىغىندا بارمۇ؟_مەن ئۇنىڭ سۇئالىغا سۇئال بىلەن جاۋاپ قايتۇردۇم.ئۇ جاۋاپ تەرىقىسىدە بېشىنى لىڭشـــىتتى.ئاھ،نەچچە كۈندىن نەدە قالغاندىمەن؟نىمىشـــكىمۇ بىشـــمنى كۆتۈرۈپ يىغىن زالىنىڭ ئالدى-ئارقىســـىغا قاراپ باقمىغاندىمەن؟نىمىشـــكىمۇ ئوپچە ئۇيۇغتۇرۇلغان تاماقلارغا بىرەر قېتىم بولســـىمۇ كىرىپ باقمىغاندىمەن؟سانسىز نىمىشقالار يۈرىكىمنى چاڭگاللاشقا باشلىدى .

- ئارمان، يىغىنغا كېلىپ،ئەجەپ ھە،بىر-بىرىمىزنى كۆرمەپتۇق؟ _ ئۇ ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇشقا تىرىشىۋاتاتتى

- شـۇنى دەڭچۇ؟_مەن ئۇنىڭ مىنى«ســىز»دەپ گەپ قىلىشــدىن ئارىلىقىمىزنىڭ شـۇ قەدەر يىراقلىشــىپ كەتكەنلىگىنى ھىس قىلىپ يۈرىگىم مۇزلاپ كەتتى .

- توختاڭ ، مەن ئاۋۇ نەرســـىنى ئېلىۋالاي ، شـــۇنداق دەپلا جوزىدىكى بىر پارچە ماتىريالنى كۆرســـەتتىم . ئۇنىڭغىچە ئۇ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ ئۈلگۈردى .

ـ هە ، بولدى ، تاماق يېدىڭىزمۇ؟ ۋاقتىڭىز بارمۇ؟ يەنە نىملەرنى دەۋەتتىمكىن ، ئىپار سەل ئوڭايسىزلانغاندەك قىلىپ ،

ـ بولدۇ ، مەن ياتاققا بىر كىرىپ چىقاي ، مىنى بىنا ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇڭ، شۇنداق دەپلا ئۆرۈلۈپ كىتىپ قالدى ، مەن تىزدىن ياتاققا كىرىپ كىيىملىرىمنى تۈزەشتۈرۈپ بىنا ئالدىدا ساقلىغاچ خىيال قىلدىم .توۋا ، ئارىدىن 5 يىل ئۆتۈپ كىتىپتۇ،ئۇ جۇدەپتۇ،تېخىمۇ خىيالچان بولۇپ كەتكەندەك قىلدۇ،بىراق يۈرەك تىۋىشى ئۆزگەرمىگەندەكلا ئۇنىڭ تونۇش،سۆيۈملۈك ئاۋازى مىنى ئىسىمگە كەلتۈردى .

ـ ئارمان ، ئەمسە جۈرۈڭ،

مانا كىتىپ بارىمەن ، ئىپار بىلەن يانمۇ يان مېڭىپ باقمىغىنىمغا 5يىل بولۇپتۇ . ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ـ قاراپ قوياتتىم ، ئەگمە قاشلار ، ئويماقتەك ئىغىزلار ، بۇلاقتەك كۆزلەر شۇ پىتى ، ئەمما كۆز ئەترابىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس سىزىقچىلار پەيدا بولۇپتۇ . شۇنداقتىمۇ ئىپار ماڭا بۇرۇنقىدەك ئىللىق،شۇ قەدەر جەزبىدار كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بىز بىر ئاشخانىغا ئورۇنلاشتۇق ، مەن ئاتايەن ئەڭ چەتتىكى بىر ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردۇم . ئىپارمۇ ماڭا ئەگىشىپ كەلدى ،

مەن ئۇنىڭ ھەربىر ھەركىتى ھەربىر ئىغىز سۆزىدىن ھوزۇرلىنىۋاتاتتىم ، بەلكىم ئالدىنقى 5يىل ئىچىدىكى بارلىق خوشاللىقلىرىمنى يىغىپ كەلسە، ئىپارنىڭ بىر ئىغىز سۆزىنى ئاڭلىغاندىكى خوشاللىقىمغا تەڭ بولالماس ، بارا ـ بارا يىتىرقاشلارنى تاشلاپ بۇرۇنقى ئىشلارنى سۆزلىشىپ كەتتۇق ،

ـ ھىلىقى ياغاچ ئورۇندۇق ئىسىڭىزدىمۇ؟ مەن مەكتەپكە بىرىپ كەلدىم ، ئۇ ئورۇندۇق شۇپىتى تۇرۇپتۇ ،

ـ شۇنداقمۇ ؟مەنمۇ باردىم. ._ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ مەيۈس چىقتى .

ـ شۇنداق ھەممە يەرنى ئايلاندىم ،ھەممە ئىشلارنى ئەسلەپ چىقتىم.. مەن ئۇنىڭغا تىخچە توي قىلمىغانلىقىمنى دەي دەپ تۇرسام ئۇ :

ـ سىزگە تۇرمۇشۇم توغۇرلۇق سۆزلەپ بىرەي ، ئاڭلىغىڭىز كەلمەسلىكى مۇمكىن ، ئەمما ئىپارنىڭ تۇرمۇشى قانداقتۇ دەپ قالغانسىز ، سىزگە ھىلىقى خەتنى سىلىپ خىلى كۈنلەردىن كىيىن توي قىلدىم ، سىزگە كۆڭلۈمنى قالدۇرۇپ يىگى يارىم بىلەن ئۆي تۇتتۇم ، كىينچە بىر ئايال بولغانلىقىم ئۈچۈن بارلىقىمنى ئۇنىڭغا ئاتىدىم ، بەلكىم سىزمۇ مىنىڭ پەزىلەتلىك ئايال بولۇشىمنى ئۈمىت قىلىدىغانسىز ، بىر نەچچە يىلدىن كىيىن بالىمىز بولدى ، شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ ئائىلىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەتتىم ، ئۇ ماڭا شۇنداق كۆيىنىدۇ ،

ئۇ بۇ گەپلەرنى دىگەچ سۇس كۈلۈم سىرىدى،لەۋلىرى تارتىشىپ ماڭا يىغلا شقا تەمشەلگەن بالىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى، نىمە ئۈچۈنكىن ئۇ بۇ گەپلەرنى ماڭا قارىماي تۇرۇپ خۇددى خىيالىدىكى بىر ھىكايىنى سۆزلەۋاتقاندەك ئاستا ئېيتىۋاتاتتى، مەن شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مېنى تىنىمسىز قىيناپ كەلگەن بىر سوئالنى سورىدىم :

ـ سىز بەختلىكمۇ؟

ـ ـ مەن . . ـ ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا ئازراق تۇرۇپ قالدى ـ دە ،كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قىچىپ تۇرۇپ ئاستا جاۋاپ بەردى ، ـ مەن بەختلىك ،ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ . . . .

بىر ئاز جىم ـ جىتلىقتىن كېيىن ئۇ مەيۈس ئاۋاز بىلەن سورىدى ؛

ـ ئارمان ،سىزچۇ؟ئايالىڭىز غۇلجىدىمىدۇ؟ بالىڭىز چوڭ بولۇپ قالغاندۇ؟ ـ ئۇ «ئايالىڭىز غۇلجىدىمىدۇ؟» دىگەن گەپنى قىلغاندا ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ قويدى. ئېھتىمال ئەينى ۋاقىتتىكى ئاپاملارنىڭ ئۇنى «قە شقەردىن» دەپ يىراق دەپ ئۇنىمىغانلىقى يادىغا كەچكەن بولسا كېرەك .

ئەمدى مەن نىمە دەي ، توي قىلمىدىم دەيمۇ . بۇنداق دىسەم ئۇنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى بۇزۇپ قويارمەنمۇ ؟ يالغان سۆزلەيمۇ ، ئۆزۈمنى ۋەيران قىلىپ بولدۇم ،قارىسام ئۇ ئازاپلانسىمۇ يېڭى تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالغاندەك تۇرۇدۇ ،تېخى بالە سىمۇ بار ئىكەن، ئېپار بولە سىمۇ ئائىلە تۇرمۇ شىدىن ھوزۇرلانە سۇن مۇ شۇ ئويلار بىلەن مەنمۇ جاۋاپ قايتۇردۇم .

ـ شۇنداق ، توي قىلدىم ، بىر بالام بار، ئايالىم ئوقۇتقۇچى _ بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۆزىگە مەنمۇ قارىيالمىدىم ،

ـ شۇنداقمۇ؟ياخشى بوپتۇ_ئۇ يىغلامسىرىغاندەك ئاۋازدا شۇنداق دىدى،ئېھتىمال ئۇنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈپ ئۇنىمۇ ئۆزۈمدەك ئويلاپ ،مېنى ئۇنتىيالمىدى دەپ قاراپ كېلىۋاتقان مېنىڭ خىيالىي تۇيغۇم شۇنداق بىلىندۇرگەندۇ . .

مانا مۇشۇنداق يالغان سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرىشنى تىلىدىم . قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ، بىزمۇ پاراڭلارنى تۈگىتىپ ياتاقلارغا قايتىشتۇق ، قەدەملىرىمىز شۇ قەدەر ئاستا،غۇۋا چىراق يورۇقىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش تولۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى ،مېنىڭ ھالىم تېخىمۇ ئىدى،ئۇ ياتاق ئالدىغا كەلگەندە ماڭا ؛

ـ ئارمانىم ، ئاخىرقى قېتىم سىزنى شۇنداق ئاتىۋالاي ، خەير ،دەپلا كىرىپ كەتتى،ئۇنىڭ بۇرۇلۇپ قوللىرى بىلەن يۈزىنى توساپ يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتكىنىگە قانچىلىك قاراپ تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن .ئاھ تەغدىر،ئاھ كۆز ياش . . . . .

بۇ قېتىم ئۆرۈمچىگە كىلىپ بىر خوشاللىق تاپقان بولسام ئاقىۋەت يەنە قايغۇم بىلەن قايتتىم . يەنە شۇ سىغىنىش ، ئازاب ، ھەسرەت دىگەندەك بىر تاغار كىلىدىغان دەرتلەرنى قۇچاقلاپ غۇلجىغا قايتتىم ، ئۇ توي قىلىپتۇ ، باللىق بولوپتۇ ، بەختلىككەن ، مانا مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم . ياق ، قەلبىمدىن قايتا ـ قايتا ياش ئاققۇزدۇم .

غۇلجىغا كىلىپ بىر نەچچە كۈندىن كىيىن ئەرپات ماڭا تىلفۇن قىلدى ،

ـ ۋەي ، ئاداش ، ئۈرۈمچىدە ئىپار بىلەن كۆرۈشۈپسەن ھە ،

ـ شۇنداق ، سەن قانداق بىلدىڭ ،

ـ ماڭا بايا ، ئىپارنىڭ دوستى ئادىلە تىلفۇن قىلىپتىكەن ، نىمىشقا ئىپارنى غۇلجىغا ئەكەلمىدىڭ ؟

ـ قانداق دەيسەن ، ئۆيىنى بۇزۇپ ئەكىلەمدىم ،

ـ نىمە ئۆي ، ئىپار ئاجرىشىپ كىتىپتۇ ، خىلى بولۇپتۇ ،

ـ ئۇنداقتا بالىسىنىمۇ ئەكىلەمدىم ، ئاداش ،

ـ نەدىكى بالىكەن ، ئىپار باللىق بولماپتۇ ،

ـ ئۇ ماڭا ، بالام بار ، يولدىشىم شۇنداق ياخشى دىگەن ،

ـ ئۇ سىنى ئالداپتۇ ، ئادىلەنىڭ دىيىشىچە ئىپار يۇرتىغا قايتىپ ئادىلەگە تىلفۇن قىلىپ شۇنداق يىغلاپ كىتىپتۇ ،ساڭا پۈتۈنلەي يالغان سۆزلەپتۇ ،ئۇ ساڭا يۈز كىيلەلمەيدىغانلىقىنى ،ئۆزىنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەنلىگىنى دەپ سىنى ئازاپلاشنى خالىمىغانلىقىنى ،مەكتەپكە ،بۇرۇنقى جايلارغا بىرىپ زار ـ زار يىغلىغانلىقىنى ، سىنى يەنىلا بۇرۇنقىدەك سۆيىدىغانلىقىنى ، شۇنىڭ ئۈچۈنلا سىنىڭ بۇنىڭدىن كىيىنكى بەختىلىك تۇرمۇ شۇڭنى بۇزما سلىق ئۈچۈنلا كۆڭلىدىكى ،ئۆزىنىڭ تارتىپ كەلگەن ئازاپلىرىنى ئۇقتۇرماستىن قايتىپ كەپتۇ . . . . .

تىلفۇننى بىسۇەتتىم ، ئىپار ،ئاھ ئىپار ياش تولۇپ تۇرغان كۆزلىرىڭدىن نىمىشكىمۇ بىلمىگەندىمەن ، سارغايغان چىھرىڭدىن نىمىشقا بىلمىگەندىمەن ،مىنىڭ تا شۇ كەمگىچە بىرەر سىنىمۇ كۆڭلۈمگە سىغدۇرماي ئۆتتۇ شۇم نىمە سەۋەپتىن ، سىنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرۈپ سىنى قەلبىمدىن قوغلىيالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئەمە سمۇ ؟ « سىنىڭ بۇ تەغدىر ئارمان .تەغدىرىمىز مۇشۇنداق ئوخشايدۇ » دەپ ئۇھسىنىشلىرىڭغا نىمىشقىمۇ تاقەت قىلغاندىمەن ؟ ياق ،مەن يەنىلا سىنىڭ ئارمانىڭ ، سەن يەنىلا مىنىڭ ئىپارىم ،مەڭگۈ ،مەڭگۈ شۇنداق بولىدۇ سەن مەڭگۈ مىنىڭ كۆڭۈل بىغىمنىڭ خۇشپۇراق ئىپارى بولۇپ قالايسەن ، . . . . .

ئاھ ! ئىپار ، نىمىشقا كۆزۈمگە تىكىلىپ قارالمايدىكى دىسەم . .

قىلىۋاتقان ئىشىمنى تاشلاپ ، خىزمەتلەرنى باشقىلارغا تاپشۇرۇپ ، ئايرىدۇرۇمغا باردىم :

ـ قىزچاق ،ماڭا قەشقەرگە ئۇچىدىغان بىلەتتىن بىرنى . . . . . . .

# ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

ئىلكىتاب ئىشلەشكە قاتناشقۇچىلار: يانغىن ، پۇسات ، يۈكسەل

www.yanghin.cn www.yanghin.net

admin@yanghin.net kitab@yanghin.net